
# بۇلبۇل ناۋاسى



AltunOq

# بۇلبۇل ناۋاسى

(مەسەللەر)

تۈزگۈچى: مۇھەممەت سىدىق تومۇرى
هاجى ئەخمەت

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

Altunoq

بۇلبۇل ناۋاسى (مەسەلـلەر)
تۈزگۈچى: مۇھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت
مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1983 - يىل 7- ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1983 - يىل 7 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.34 يۈەن

# تۈزگۈچىدىن

مەسەل — تەلىمىي ۋە ئەخلاقىي خاراكتېردىكى كىچىك ھېكايىدىن ئىبارەت. يازغۇچى مەسەلدە ھايۋانلار، قۇشلار ۋە باشقا نەرسىلەرنى جەمىيەتتىكى ھەرخىل ئىجتىمائى گورۇھلارغا ۋەكىل قىلىپ ئالىدۇ. ئۇنىڭدا سىمۋوللۇق خاراكتېر كۈچلۈك بولىدۇ. دىمەكچى بولغان مەقسەتنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش، قولايسىز بولغان ياكى بىرەر پىكىرنى چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا مەسەل ئۇسۇلىغا مۇراجەت قىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق باشقىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغاش، كىشىلەرگە تەربىيە بېرىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشتا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

مەسەللەر دەسلەپتە ئەخلاقىي-تەلىمىي قاراشلارنى تەرغىپ قىلاتتى. كېيىن جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىدى.

مەسەللەر كوپىنچە بەزىبىر تەييار، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان ھېكايە ۋە رىۋايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش يولى بىلەن ياكى بولمىسا ئاپتور ئۆزى بىرەر ھېكايە توقۇش يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.


Altun0q

مەسەل نەسرى ئەسەرلەر شەكلىدىمۇ، شېئرىي ئەسەرلەر شەكلىدىمۇ يېزىلىدۇ.

بۇ توپلامغا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىر قىسىم شېئرىي مەسەل-لىرى كىرگۈزۈلدى. ۋاقىت جىددى، سەۋىيىمىز تۆۋەن بولغاچ-قا، توپلامنىڭ تۈزۈلۈشىدە بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

❖

## مۇندەرىجە

### زۇنۇن قادىرى

چۈجە بىلەن سىغىزخان..........( 1 )
كېپىنەك بىلەن ھەرىلەر.........( 3 )
قوشچى بىلەن چاشقان ..........( 6 )
بۇلبۇل بىلەن سۇگگۇلۇگۇچ........( 8 )

### نىم شېھىت

جاۋاۋىم ..........................( 12 )

### قۇربان ئىمىن

بېلىق بىلەن لەھەك ..............( 16 )

### تېيىپجان ئېلىيوۋ

قار ئۇستىدىكى قۇش..............( 19 )

### ئەرشىدىن تاتلىق

قۇدۇق ئىچىدىكى يىلان..........( 21 )
تەدبىرلىك توخۇ .................( 24 )
پاشا بىلەن چۈمۈلە................( 26 )

**ئىمىن تۇرسۇن**

بۇلبۇل ۋە تۇتى ................ ( 30 )

**تۇردى سامساق**

كېكەش ......................... ( 41 )

خوراز ۋە مايسا.................. ( 49 )

**مەھەممەت رەھىم**

تېرمومېتىر ........................ ( 51 )

**ئابدۇكېرىم خوجا**

ھۇقۇشنىڭ ھالاكىتى .............. ( 55 )

**ئابدۇرېھىم توختى**

كېپىنەك بىلەن چۈمۈلە ........... ( 57 )

**زەينىددىن سالىيوۋ**

ھەپىرەڭ بىلەن يانتاق ........... ( 64 )

**جاپپار ئەمەت**

تېرەك بىلەن سوگەت............. ( 67 )

**مەھەممەتجان سادىق**

سەكسەن ساپاق ۋە يوگۇمەچ..... ( 70 )

**سۇلتان ماخمۇت**

بۇلبۇل ناۋاسى .................... ( 72 )

**هوشۇر ئىبراھىم**
شاپتۇللار سوھبىتى..................( 74 )
**مەمتېلى زۇنۇن**
بۇغداي بىلەن كومىە قوناق......( 78 )
**مىرزاھىد كېرىمى**
داغدا قالغان ھوپۇپۇپ............( 80 )
**تۇرغان شاۋدۇن**
چاق بىلەن ئوق....................( 87 )
**ئابدۇرۇسۇل ئۇمەر**
بورە بىلەن ئوكۇز..................( 88 )
**ئابدۇرېھىم ئىسمايىل**
چالما بىلەن يوپۇرماق...........( 91 )
**ئابدۇكېرىم ئەخمەت**
تېرەك بىلەن جىگدە...............( 96 )
**ھاجى ئەخمەت**
چايان بىلەن پاقا ..................( 97 )
كۇچ ــ بىرلىكتە......................( 99 )
**تۇرسۇنئاي ھۇسيىن**
قالىغاچ بىلەن يىلان..............(107)



AltunOq

**مۇھەممەت سىدىق تومۇرى**
قۇشلار بەزمىسى.................(114)
خوراز بىلەن توز ...............(117)
**ياسىن موخپۇل**
دىخان، يىلان ۋە قالىغاچ ........(118)
**تەلئەت ناسىرى**
تۇلكىنىڭ ئەقلى ...............(123)
**ھەسەن تىلمۇالدى**
ئەتىرگۈل......................(127)
**تۇرسۇن ھامىت**
بوران ۋە ئورمان................(129)
**ۋاھىتجان غوپۇر**
چۇمۇلە بىلەن يولۋاس...........(132)
**تاھىر تالىپ**
پىل سۇلتانىنىڭ ئۆلۈمى..........(139)
**مۇھەممەت ئىمىن**
پۇشايمان ......................(145)
**ئابدۇللا ئابدۇرېشىت**
مۇشۇكنىڭ توھپىسى..............(161)

**ئابلىكىم باقى**
چاشقان بىلەن ئاغمىخان............(167)
**مۇتەللىپ جۇماخۇن**
سوگەت ۋە ئالما كوچىتى........(172)
**مەھەممەت روزى**
قوزا بىلەن ئوغلاقنىڭ دوستلۇغى...(176)
**قادىر ئارسلان**
كالا بىلەن ئومۇچۇك..............(182)
ھەر ئىشنىڭ ئوز يولى بار.........(186)
**دىلبەر قىيۇم**
چۇمۇلىنىڭ يول سىلىشى...........(189)
**مەتتوختى ئەخمەت**
ئوكۇز بىلەن ئىشەك..............(192)
**ئومەر رەجەپ**
تال ۋە تېرەك....................(197)
قاش-كىرپىكنىڭ سوھبىتى.........(198)
**مىرەخمەت مىرەغزەم**
لاچىن بىلەن سا...................(201)
**كامىل رەھىم**

قۇشقاچنىڭ شىكارى ...............(205)

**ياسىن ئىسمايىل**

ماختانچاق موزاي ..................(210)

**ناسىرجان مۇھەممەدى**

ئۈجمە بىلەن تېرەك...............(214)

**مۇختەر مەخسۇت**

توت بۇرادەرنىڭ تالاش-
تارتىشى...........................(218)

## زۇنۇن قادىرى



# چۈجە بىلەن سېغىزخان

(ئى. كىرىلوۋغا تەقلىت)

تېخى چۈجە چىقمىغان چاغ (تۇخۇمىنىڭ ئىچىدە)،
كورۈپ سېغىزخان يەپ ئالماقچى ئۇنى چۈشىدە.
ئوتمۇشتىن تارتىپ مەلۇم ئۇ، شور تۇمشۇقنىڭ دەستى،
سوز ئاچقىنىم ئوتمۇشتىن چوچەك ئېيتىشنىڭ قەستى.
قارا بۇلۇتلار تارىلىپ ئۇچۇۋاتىدۇ،
كۈن يۈزىگۇ كۈلۈمسىرەپ چىقىۋاتىدۇ.
قويۇق لايىقى سۇلار ئاقتى،
بۇ تازا ئەتىياز ۋاقتى.
چۈجە ئاپتاپقا قارىدى زوقى بىلەن،
ماڭدى ئۇ تەمتىلەپ ئاستا قىر بىلەن.
كەلدى سېغىزخان يورغىلاپ،
توختاتتى چۈجىنى چوقۇلاپ.
ۋالاقلاپ ئېچىلدى شور تۇمشۇغى:
—"نەگە بارىسەن هەي پەسنىڭ ئوغلى؟



AltunOq

كەڭ دالاغا هاياسىز دەسسەپسەن!
يا ماڭا تازىم قىلىپ ئۆتمەيسەن!
تۇمشۇغۇم ئۇزۇن سەندىن
قۇيرۇغۇممۇ ئانــدىن.
هىچ سوز چىقمايدىغۇ سەن يامانــدىن!“
ئويىندى قاپ ــ قارا كوزى، شۇمشەيدى چۇجە،
يۇمشاق ئاۋازدا كەلدى تىلى سوزگە:
ــ ”هىچ.....هىچ يامانلىق قىلمىــدىم جاناپ سىزگە،
چوقۇپ ئازار بەرمىسىلە بىزگە.“
ئاچچىق قىلىپ سىغىزخان يەرگە بىرنى تەپتى،
قۇيرۇغى ئۇنىڭ لەپەڭــلەپ كەتتى.
ــ ”هىچ.....يامانلىق يوق سەندە؟!“
ــ ”شۇنداق تەقسىر ئەلۋەتتە.“
ــ ”قانائەت يوق.....كاتەكتىن چىقتىڭ،
مۇشتەك تۇرۇپ مىنى هاقارەت قىلدىــڭ!
كەڭ دالاغا چىقىپ دان ئىزدىگىنىڭ،
يامانلىق ئەمەسمۇ شۇ سىنىڭ.
چۇنكى بۇ دالادا مەن ياشايمەن،
قاقاقلاپ كۇلۇپ مەن سەكرەيمەن.“
ــ ”خاپا بولمىسلا هورمەتلىك، دانمۇ تاپمىدىم،
تىخى كەڭ دالادا بىر كاپاممۇ ئالمىدىم.“
ــ ”بولمىسا كەيپىمنى بۇزماقچىــمىدىڭ

ياكى داۋانغا چىقىپ قىچقارماقچىمىدىڭ.“
— ”يېڭىدىن كوز ئاچتىمغۇ دۇنياغا،
هازىرلا چىقاتتىممۇ داۋانغا،
ياكى چۈشەتتىممۇ ياغا......“
— ”بولدى ئەخمەق، ئاسمانغا قارىدىڭ،
جاهان ئىسسىسۇن دەپ تىلىدىڭ.
شۇملۇغىڭدىن ئىسسىماقچى جاهان،
چۈگۈلۈپ كەتمەكچى بىزنىڭ ئەسكى ماكان.
كۆل بولۇپ كېتىمەن ئاپتاپتا،
كوزۇڭنى چوقۇيمەن شۇ تاپتا“ —
دىدى سېغىزخان چوقۇلاپ چۈجىنى
قانغا بوياپ ئەتتى باش-كوزىنى.

1947 - يىل، غۇلجا.

## كېپىنەك بىلەن هەرىلەر

گۈللەر ئېچىلغان باهار تاڭدا،
غۇنچە رەڭمۇ-رەڭ شۇنچە چىرايلىق.
گۈل قاچىلىرى يوپۇرماقلاردا،
يالتىرار شەبنەم خۇددى مەرۋايىت.

چىقتى كېپىنەكخان ساياھەتكە،
شايى ـ ئەتلەس، كىمخاپلار كىيىپ.
ھەرىلەرمۇ كەلدى گۈلـخانغا،
دۇتار، تەمبۇر، غىجەكلەر چېلىپ.
گۈل ـ گۈلىستاندا قىزىپ كەتتى توي،
كېپىنەك ئۇسۇل ئويناپ كەتتى قوي!
ئۇچرىشىپ قالدى بىر بەزمىدە،
كېپىنەك بىلەن بىر سېمىز ھەرە.
ھەر ئىككىسى تۇمشۇغىنى ئەپلەپ،
گۈل چىنىگە تىققان ئىدى كەپلەپ،
يەتمىدى ئاغزى شۇندا شەرۋەتكە،
ئۇچرىدى ئۇلار شۇندا غۇربەتكە.
ـــ ”نىمە قىلىپ يۇرىسەن بوغۇرساق؟“ ـــ
دىدى كېپىنەكخان چالۋاقاپ.
ـــ ”ۋاي توۋا، نازۇكەي، ئۇقمىغانمىدىڭ؟
مەن بولىمەن گۈل ھەرە دىگىنىڭ.
شەرۋەت ئىچىمەن، ھەسەل يالايمەن،
گۈللەر ئىچىدە شۇنداق ئوينايمەن.“
ـــ ”ۋاي چىرايلىق ئاشىق، يۇڭلۇق ئەخمەق،
ھەسەل ماڭىلا ئۇچرايدۇ نەق ـ نەق.
كىيىمەن ئەتلەس، كىمخاپتىن چاپان،
سەيلە قىلىمەنغۇ مەن ھەرقاچان.“

دومسايدى، ئاچچىقلاندى كېپىنەكخان،
سەكرەپ كەتتى تېرىكىپ ھەرىجان.
بۇزۇلدى باشقىلارنىڭ ئەيشى،
شۇنداقلا قالدى يەۋاتقان ئېشى.
چاققاق ھەرە چۈشتى ئوتتۇرىغا،
ھەسەل ھەرىمۇ كەلىدى بۇ قورغا.
— "پاھ، يامان ئېيتىدۇ يىگىننى" —
دەپ سوز باشلىدى چاققاق ھەرە،
جىم بولۇپ قاچتى ئىككى بىچارە.
ھەسەل ھەرىگە قاراپ قىلدى چاقچاق:
— "ھە، بۇ ئىككىسى شۇنداق ماختانچاق.
ھەسەل ـ ھەسەل بىلەمسەن ئۇنى،
نىگار بىلەن ياسايدۇ ئۇنى.
گۈل چىنىسى ئىچىدە بار شىلىم،
تاق ئەشۇنى ھەسەل قىلار بىلىم.
ئۇ قانداق تاتلىق ـ قانداق مەزىلىك،
كىم بىلىدۇ ھە، بۇنى مەنچىلىك."
ھىجايدى ھەسەل ھەرە بۇنىڭغا،
چاققاق ئاچچىقلاپ دىدى ئۇنىڭغا:
— "زاڭلىقنى كىم قويىدى ھەي ئاۋاق،
ئومرۇڭدە ھەسەل كورگەنىمىدىڭ ئاخماق."
چاۋاك چالدى كېپىنەك ناينافلاپ،


AltunOq

— ”ئاۋاق - ئاۋاق، — دىدى ئۇ قاقاقلاپ، —
ھەسەل ئىلمىنى ھەرىجاندىن
ئاۋاق ئوبدان ئاڭلاش لازىم ئاندىن.“
ھەسەل ھەرە ئوز ئىشىغا ماڭدى،
كېپىنەككە مۇنداق دەپ قويۇپ ياندى:
— ”ھەي، چىرايلىق - يۇمشاق كېپىنەكخان،
كورۇنگەننى دىمە، ھەسەل ھەرىجان.“

1949 - يىل، غۇلجا.

## قوشچى بىلەن چاشقان

كەڭ ئېتىزنى قاراڭغۇ قىش باسقان،
ئوينىدى شۇم ئاۋازدا شۇۋىرغان.
پاسكىنا قولىدا تىلغاپ چاشقان،
يەرنى ئۇگا قىلىپ كىرىپ ئالغان.
كېلىپ باھار خوش سازىنى چالدى،
ئېتىزمۇ گۇزەل ياسىنىپ ئالدى.
باھارنىڭ زوقىدا قوشچى دىخان،
گۇلزار يېرىگە قوشنى سالدى.

بۇزۇلدى چاشقانلارنىڭ ئۇگىسى،
يىرتىلدى سىپسىپ كەتكەن جۇگىسى.
چاشقانلار ئارا غۇلغۇيلۇق چىقتى،
ئۇگىدىن بىرى سوزلىگىلى چىقتى:
— "قوشچى سىپنىڭ قىلغان ئىشىڭ قوپاللىق!
بىراۋنىڭ ئۇگىسىنى بۇزۇشۇڭ ئوساللىق!
نەچچە يىللار ياپلايمىز بۇ ئېتىزدا،
ھىچكىم تەگمىگەن بۇ چاغلىق."
— "ئۇزۇن يىللار ئاش تېرىدىم هارماي،
ئىشلەپ دوك بولۇپ كەتتىم تىنماي.
ئالغان هوسۇلۇمدا بەركە يوق،
سەن ئىپلاسلار ئوغرىلاپ قويماي!......
مىنىڭ ھەققىمگە زورلۇق قىلىسەن!
يەنە ئوساللىقنى دوگگەپ قويىسەن!
بۇ ئېتىز سىپنىڭ ئۇگاڭ ئەمەس،
ۋالاقلىماي تېز يوقال، كوزۇمدىن سەن!..."
ئاقتۇرالمىدى چاشقان سوزىنى،
تونۇپ قالدى پولات چىشنىڭ كۇچىنى.
چاشقان قاچتى ئېتىزنىڭ قىرىغا،
چۇشتى پولات چىش چاشقان يولىغا.
ۋاقىرىدى قوشچى ئارقىسىدىن:
— "ئۇر، قوغلا چاشقانلارنى ئېتىزدىن!...

ئەمگەكچىمىزنى غاجاپ پەست قىلىغان،
يۇتسۇن ئۇ، ھاياتىمىزغا قەست قىلىغان!...“

1945 ـ يىل، غۇلجا.

## بۇلبۇل بىلەن سۇڭگۈلۈگۈچ

ھاۋا گۈلدۈرلىسە سۇڭگۈلۈگۈچ،
يورغىلاپ كېتىدۇ ئۇ، غىلدىرغۇچ.
پۇتى ھاۋادا ئوڭدا ياتىدۇ،
ئاسماننى ئۇ، كوتۇرۇۋاتىدۇ(؟!)
خىيالىدا ئاسمان يىقىلدى،
پەخىرلەندى ئۇ، مەغرۇر بىر كۈنى:
”دۇنيادا مەندەك دانىشمەن قېنى؟
نازۇك سۇمباتىم بۇلبۇلدىن ئارتۇق،
مۇشكۇل ئىشنى ئورۇنلايمەن شاق ـ شۇق.
ناھايىتى ناخشا ئېيتالمىغانغا،
نۇقسان قويماق شۇنچە چوڭ ئىشمىغا؛
بىر سائەتتە ئۇگىنىمەن ئۇنى،
قېنى بۇلبۇل دىمىسۇنچۇ مېنى؟!“

يورغىلاپ كەلدى بۇلبۇل قېشىغا،
ماختاندى سۇڭگۇلۇگۇچ ئۇز قىلمىشىغا:
— "ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ،
تاشلىسام ئاسماننى كىم ياشايدۇ؟
مەنسىز ھالاكەتكە قېنى چارە،
يۇرت ئۇچۇن ئاۋارە — مەن ئاۋارە.
ھەممە ناخشىغا ئامراق، نادان،
شۇنىڭ ئۇچۇن دەيدۇ سېنى ئوبدان.
سەن بىلەن بولۇپ باقاي سوھبەتتە،
ناخشا ئېيتىپ كورەي بۇ پۇرسەتتە.
لېكىن ئارتۇق ۋاقىرىما يۇرتداش،
يۇگۇرۇشۇپ كېلىدۇ ھەممە بەڭۋاش.
خالىمايمەن نادانلار تىلىنى،
ئېيتساق ئەدى سوپى تورغاي كۇيىنى."
— "بۇ بولمىغۇر تەكەللۇپقۇ 'ھورمەتلىك'
ھەر قۇش ئۇز تىلىدا ئەپلىك."
— "ناخشىنى شۇنداق يامان كورىمەن،
ئەمدى بىر ئېيتىپ كورەي دىگەنمەن."
بۇلبۇل ئىستىھزا بىلەن كۇلدى،
ئاگا جاۋابەن مۇنداق سوزلىدى:
— "بورىچى ھالۋىچى بولغان ئىكەن،
چاپاق بېسىپتۇ ئۇنىڭ كوزىنى.


Altunoq

تۇرالمسا بىر ھۆنەردە كىشى،
ۋۇجۇتقا چىقارمۇ ئۇنىڭ ئىشى."
ئەلەم ياندى سۇڭگۇلۇگۇچ كوزىدە،
دىدى ئۇمۇ تەكەببۇر سوزىدە:
— "سەنمۇ نادان، قەدرىمنى بىلمىدىڭ!
سوزگە ئاستىنىراق چۇشىنەلمىدىڭ.....
ئابروي ئۇچۇن ھەر نەرسىنى ئۇگەن،
ئۇقمۇدۇڭمۇ 'جان باقماق پەرز'دىگەن.
خوش ئېيتە ناخشاڭنى مەن تۇتۇپ ئالاي."
— "رەنجىمە مەيلى ئۇگۇتۇپ قوياي."
ئۇ سايراپ كەتتى بۇلبۇل خوش ئاۋاز!
تەرەننۇم① ئەيلىدى ياپ-يېشىل ياز.
سۇڭگۇلۇگۇچ لەپەڭلەپ چالدى ساز،
قېنى چىققىنى ئۇنىڭدىن ئاۋاز؟
بوستان ئارا ئۇنىڭغا مەھابەت②،
ئۇشقىرىپ قىينالدى نەچچە سائەت.
ئەسلىدە سۇڭگۇلۇگۇچ ئاۋازى قانداق؟
ناخشا ئېيتىپ كورگەنمىدى شۇنداق.
چىقتى شامال گۇلدۇرلەپ ھاۋا،

---

① تەرەننۇم — ئاھاڭنىڭ تىترىشى.
② مەھابەت — سۇر.

ھودۇقۇپ سۇڭگۇلۇگۇچ قىلدى تۇۋا.
نە ئۇڭدا ياتالمىدى بىر شاختا،
سەكرەپ كەتتى پۇتاقتىن ـ پۇتاققا.
سايراۋاتىدۇ بۇلبۇل دىلاۋەر①،
ئاۋالقىدەك جاراڭلىق، باراۋەر.
ھاۋادا دولقۇنلىنار سايرىشى،
دىلرەبا② زوق مۇھەببەت قاينىمى.
بۇلبۇلنىڭ تايماس شۇنداق يولى بار،
گۇلشەندە ئېچىلغان قىزىل گۇلى بار.

1948 ـ يىل، غۇلجا.



① دىلاۋەر ــ باتۇر.
② دىلرەبا ــ كوڭۇلگە لايىق، كوڭۇلنى تارتقۇچى.



# جاۋاۋىم①

بىر زاماندا مۇھەت سۈيى چايقاپ ـ چايقاپ،
ئاتقان ئىكەن بىر پاقىنى چەتكە تاشلاپ.
ھەيرانلىقتا ئۇ بىچارە، مەيۇس پاقا،
يول ئىزدىقىپ كېتىپ قاپتۇ باشقا ياققا.
كەڭ مۇھىتىم قەيەردە دەپ ھەسرەتلىنىپ،
قاتتىق ئەلەم ئورۇۋاپتۇ غەمگە سىلىپ.
يۈرەر ئىكەن ھامان مۇھەت سۈيىن ئىزلەپ،
بوران ـ چاپقۇن توسار ئىكەن ئۇنى يۈزلەپ.
بىرىلمەستىن مۇشەققەتكە يۈرگەندە ئۇ،

① 1947 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن "ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىش" نىقاۋى ئاستىدا بىر ئەكسىيەتچى تەشكىلات قۇرۇلغان. ئۇ تەشكىلات ماڭا خەت يېزىپ، مېنى تارتماقچى بولغان ئىدى. مەن بۇ ئەسەرنى شۇ خەتكە رەددىيە ئورنىدا يازغان.

ـ ئاپتور.

تۈن كېچىدە يولۇققۇپتۇ كىچىك بىر سۇ.
مۇھەممەتنى بىر قولتۇق دىگەن گۇمان بىلەن،
سەكرەپ چۈشتى شۈكرى ئېيتىپ زابان بىلەن.
چۈشۈپ باقسا، مۇھەممەت ئەمەس، قۇدۇق ئىكەن،
سۈيى سېسىق، بۇسى يامان بۇزۇق ئىكەن.
چىددىيالماستىن زارلىنىپتۇ خۇدايىغا،
ئەجابەتلىك تەلەپ قىلغان دۇئايىغا.
كېچە-كۈندۈز قۇرۇماپتۇ يىغلاپ كوزى،
ئەلەم بىلەن سارغىيىپتۇ گۈلدەك يۈزى.
بۇندىمۇ بىر مىسكىن پاقا ياشار ئىكەن،
"غەنىمەت" دەپ قۇدۇق سۈيىن ئاشار ئىكەن.
مۇساپىرنىڭ قىلغان يىغا-زارىن ئاڭلاپ،
كەپتۇ يۈگرۈپ، بىچارىنىڭ ھالىن سوراپ.
— بۇ كەڭ جاھان، نىچۈك ئاڭا پاتماس جانىسەن؟
شۈكرى ئېيتماي ئۇ نېمەتكە، بەك نادانسەن!
— يامان سېسىق ئىكەن بۇ جاي ھەم تارچىلىق،
ھوكۇم سۈرەر ئىكەن دايىم ئاچارچىلىق.
مۇھەت دىگەن كەڭ جاھاننىڭ پەرزەندىمەن،
مىليون-مىليون يۈرتداشلارنىڭ دىلبەندىمەن.
بۇنى ئاڭلاپ قۇدۇقتىكى مىسكىن پاقا،
— ئەي مۇساپىر، كوزۇڭنى ئاچ! باق بۇ ياققا، —
دەپ قۇدۇقنىڭ بۇلۇڭىغا بارماق تىرەپ،

ــ مۇھەببەتنىڭ سۈيى شۇنچە كېلەمدۇ؟ــ دەپ.
قىچقىرىپتۇ: ــ ئەي مۇساپىر، كەل! ــ دەپ ئۇنى،
كۆرسىتىپتۇ بىر پىيالە مىقدار سۈنى.
مېھمان پاقا دەپتۇ: ــ مۇھەببەت كەڭ بىر جاھان،
بۇ قۇدۇقتەك كۆڭ نۇرىدىن ئەمەس پىنھان.
بۇنى ئاڭلاپ، مىسكىن پاقا بوپتۇ خاپا،
نەسىھەتلىك سوزلەر بىلەن قىپتۇ تاپا.
ــ بۇندىن چوڭمۇ سۇ بولامدۇ؟ بۇ ــ قۇرۇق گەپ،
ساراڭمۇ سەن، كوپ سوزلەيسەن، ئەي بىــەدەپ.
مۇندىن ئارتۇق لەززەتلىك سۇ نەدە بولسۇن؟
ياقمىغانلار دىلى دايىم غەمگە تولسۇن!


غېرىپ پاقا كورگىنى شۇ كىچىك قۇدۇق،
ئەتراپىدا كورۇنمىگەچ ھېچبىر يورۇق.
ئىشەنمىگەن مۇھەببەت، دېڭىز بارلىقىغا،
ئىمان ئېيتماس تەبىئەتنىڭ يارلىقىغا.
مېنى سورىساڭ، بۇرۇن تاشلاپ تار قۇدۇقنى،
كورۇپ قالدىم مۇھەببەت ئوخشاش كەڭ يورۇقنى.
دىلىم مۇھەببەت لەززىتىنى تېتىپ قالدى،
تار قۇدۇقنىڭ ئىشقى دىلدىن كېتىپ قالدى.
دىمەك قۇدۇق تۈۋىدە بىر مىسكىن پاقا،
كۆكىرايدۇ: "كېلىڭ!" دەيدۇ ئۇشبۇ ياققا.

سىز كۆكىراپ مېنى ئېلىپ بارالمايسىز،
ئىنشائاللا، ئەمدى قىلتاق قويالمايسىز.
بۈگۈنكى كەڭ مۇھىتتا مەن ئۈزگىنىمدە،
ئەركىن ھايات بەزمىسىنى تۈزگىنىمدە.
— بارالماسمەن تار قۇدۇققا، جاۋاپ مانا،
چۈشمەسمەن ئۇ، سېسىق قۇدۇق ئىچرە يانا.
دىمىغىمدا ھازىرمۇ بار سېسىق بۇيى،
كورمىسەممۇ ئېسىمدىدۇر: "تىنىق" سۇيى.
تەنلىرىمدە زەھەرلەنگەن ئىز تېخى بار،
ئەركىنلىكنى سېتىش ماڭا نومۇس ۋە ئار.
ماڭا سىڭمەس، سىزگە سىڭگەن ئۇ سېسىق سۇ،
شۇنچە بولار، جەھەننەمدىن چىققىسىمۇ ھو.
قۇلاق سېلىڭ، نىم شېھىتتىن بۇدۇر جاۋاپ!
سىز كۆكىراپ تاپالمايسىز پەقەت ساۋاپ.....

1947 ـ يىل ئىيۇل، غۇلجا.



قۇربان ئىمىن




# بېلىق بىلەن لەھەڭ

دولقۇنلاپ دېڭىز قايناپ ئاقماقتا،
قالغاچ ۋىچىرلاپ قانات قاقماقتا.
تاشلار داراقلاپ سوھبەت تۈزىدۇ،
كۈمۈش بېلىقلار ئويناپ ئۈزىدۇ...
چەكسىز مۇھىتتا بېلىقلار ئەركىن،
هاياتلىق ئۈچۈن ئىنتىلەر كەسكىن.
ئۈزۈپ كېلەتتى بېلىق دېڭىزدە،
قاراپ تۇراتتى شائىر ئېگىزدە.
غولدۇرلاپ كەلدى مۇدھىش بىر ئاھاڭ،
بېلىقنى قوغلاپ كەلمەكتە لەھەڭ.
غاردەك ئاغزىنى يوغان ئاچىدۇ،
بېلىققا قاراپ زەھەر چاچىدۇ.
لەھەڭ ئارقىدىن يەتمەكتە قوغلاپ،
دېڭىز سۈيىنى لايلىتىپ-دۇغلاپ.
لەھەڭ ئېيتىدۇ: ”چوڭلار ياشايمىز،


كىچىكلەرگە بىز ھۇجۇم ياسايمىز.
كۈچۈم يېتىدۇ، بۇ دېگىنىز مېنىڭ،
يەپ تۈگىتىمەن، ھەققىڭ يوق سېنىڭ.
سەنلەر مېنىڭكى قۇلۇم بولىسەن،
'خوش' دەپ تۇرمىساڭ قانغا تولىسەن!
ھايات سەن بىلەن ئىككى-ئۈچ لەھەڭ،
بويۇن تولغىساڭ قىلغۇمىزدۇر جەڭ..."
لەھەڭ ۋاقىراپ تۇتىمەن دەيدۇ،
كوزى پاقىراپ يۇتىمەن دەيدۇ.
ئۇزىنى ئالدى بېلىق بىر ياققا،
لەھەڭ قوغلىدى، چۈشتى تۇزاققا.
بېلىق سىگنال بەردى ھەممىگە،
يول قالدۇرمىدى لەھەڭ مەيلىگە.
— "بېلىق يولداشلار چىقىڭلار جەڭگە،
قارشى تۇرايلى ياۋۇز لەھەڭگە.
ياشاش ئۈچۈن بىز قىلايلى كۈرەش،
بىزلەرگە زورۇر قوزغۇلۇش-تەۋرەش.
تېزدىن سەپ تۈزۈپ، ئالغا ئاتلاڭلار،
قورقماڭلار ھەرگىز، يولدا قالماڭلار.
ئاسرايمىز يەنە كۆمۈتىلارنى،
ئۈششاق جانىۋار ھەم قۇرۇتلارنى.
ياۋۇز لەھەڭنى يوقاتماق كېرەك،

ۋەتەننى ساقلاش بىزنىڭ زور تىلەك.
كىم تاجاۋۇزچى، ئاڭا قارشى بىز،
كوككە ياڭرىسۇن ھورلۇك مارشىمىز!...“
سانسىز بېلىقلار قوشۇلدى سەپكە،
ۋەھشى لەھەڭگە بەرمەككە دەككە.
ماڭدى بېلىقلار بىردەك غاقىراپ،
ئەمدى باشلاندى بۈيۈك ئىنقىلاپ.
لەھەڭ نائۇمىت قاچتى بۇرۇلۇپ،
بېلىقلار ھۇجۇم قىلدى تۇرۇلۇپ.
بېلىقلار ئاتتى لەھەڭگە تاشنى،
ئەگدى ئاخىرى لەھەڭمۇ باشنى.
قۇردى بېلىقلار يېڭىدىن ھايات،
بولدى ئىتتىپاق-بىرلىگى پولات.
دېڭىزدا شاتلىق تويى قاينىدى،
بېلىق سۆيۈندى، ئەركىن يايرىدى.

1946-يىل نويابىر، قەشقەر.



تېيىپجان ئېلىيوۋ



# قار ئۈستىدىكى قۇش

بىر ئىسىل قۇش بولغانمىش،
ئەقىلگىمۇ تولغانمىش.

قىش پەسلىنىڭ بىر كۈنى،
تۈزەشتۈرۈپ تۇرقىنى.

قار يېپىنغان دالىدا
سەيلە قىپتۇ خالىدا.

كوزى چۈشۈپ ئىزىگە،
ھەۋەس قىپتۇ ئۆزىگە:

"مۇشۇ مېنىڭ ئىزىممۇ؟
نىمە دىگەن ئىسىل بۇ!

مانا، مېنىڭ ئىجادىم،
ھاسىل بولدى مۇرادىم...“

ئۇ بىر باشتىن يازاتتى
ساقىت قىلىپ بويىنىدىن،


ماختىناتتى خوش بولۇپ
بۇ ئىجادىي سەيلىدىن.

بىراق ئۆزى بىخەۋەر
قۇيرۇغىنىڭ پەيلىدىن.

سورىلەتتى بۇ قۇيرۇق
سۇپۇرگىدەك كەينىدىن...

شۇڭلاشقا يوق مۇشتىرى،
ئۇقالمىغان ھېچبىرى...

1957 ـ يىل.



ئەرشىدىن تاتلىق

# قۇدۇق ئىچىدىكى يىلان

ئۇزاق سەپەرگە چىقتى كارۋان،
تولگىسى قاتار ماڭماقتا ھامان.
خىيالى ئۇنىڭ بەك چىگىش ئىدى،
خەتەرسىز يۇرۇش تىلىگى ئىدى.
ئۇسساپ چاڭقىدى بىر جايغا كېلىپ،
ئېتىدىن چۈشتى بەل-پۇتى تېلىپ.
چىدىرنى تىكتى دەم ئېلىش ئۈچۈن،
كورۇندى بۇ يەر ئاڭا بەك يوچۇن.
ئەتراپقا قاراپ بىر قۇدۇق كوردى،
سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈردى.
سوغىنى سالدى قۇدۇق ئىچىگە،
چىرماشتى يىلان قۇرۇق چىگىگە.
ئالدى قۇدۇقتىن سوغىنى سۇسىز،
يىلاننى كورۇپ تۇتۇش قىلدى تېز.
قولىغا ئېلىپ، رەھىمسى كېلىپ،


Altunoq

قويۇپ بەردى سوغىدىن ئېلىپ،
دېدى: "سەن ئازات، ئوينىغىن ئەمدى،
كەڭرى بۇ چۆلدە يايلىغىن ئەمدى".
كارۋان قولىدىن يىلانمۇ بوشاپ،
سوزگە كىرىشتى ئۆزىنى ئوڭشاپ:
"ئەي كارۋان، ئەمدى سېنى چاقىمەن،
سەندەك ئۆزۈۋقنى نەدىن تاپىمەن".
كارۋان يىلانغا دېدى: "بەتقىلىق،
قىلدىم مەن ساڭا شۇنچە ياخشىلىق".
يىلان: "ئادەمگە ئەزەلدىن ئۆچمەن،
ئىنسان ئەھلىگە دايىم مەن دۈشمەن".
دەپ نەشتىرىن سوزغاندا يىلان،
شىرىن جان ئۈچۈن ئەنسىدى كارۋان.
"ياخشىلىق ئۈچۈن قىلساڭ يامانلىق،
ساڭا ھەم يوقتۇر ئاندىن ئامانلىق".
كەلدى بۇ سوزنىڭ ئۈستىگە تۈلكە،
باشلاندى ئەمدى باشقىچە "كۈلكە".
ئەي ئادەم نەسلى ئۆزەڭ بەك "ئۇسال":
تېرەمنى كىيسەڭ بولسەن خوشال.
ئۈچار-قۇشلارغا توزاق قۇرسەن،
قولغا چۈشۈرسەڭ پىچاق ئۇرسەن.
ئۆزەڭ تۈتۈلساڭ قىلىسەن ھىلە،

ئەمدى بىزلەردىن قۇتۇلدۇم دىمە.
گوشىڭنى يەيمەن تېرەڭنى سويۇپ،
يىلان قېنىڭغا ئالىدۇ تويۇپ".
تۈلكە ئوزىچە ناييناقلاپ كەتتى،
بۇ سوز ئۇستىگە قالىغاچ يەتتى.
ۋەقەنى ئۇقتى تۈلكىدىن سوراپ،
چارە ئىزلىدى، تۇرمىدى قاراپ.
"قانداق ياشىدىڭ، — دىدى، — قۇدۇقتا!
كورسەتكىن قېنى چۈشۈپ قۇدۇققا؟".
يىلان سىرىلدى قۇدۇققا قاراپ،
تۈلكىمۇ ماڭدى ئارقىدىن ماراپ.
قۇدۇق ئىچىگە چۈشكەندە يىلان،
خوشاللىقىدىن يىغلىدى كارۋان.
قالىغاچ قونۇپ قۇدۇق بېشىغا:
"ئەمدى چىق، — دىدى، — قۇدۇق تېشىغا!"
شۇندىن بۇيان قالىغاچتىن يىلان،
ئەنتىن ئالالماي قىلىمىش ئارمان.
يىلان زەھرىدىن قۇتۇلغان كارۋان،
شات بولۇپ بىردىن سوزلىدى شۇئان:
"زەھرىڭنى چېچىپ گوھەر ئىزدىمە،
تىكەندىن تېرىق ئۇنىدۇ، دىمە.

ئومرۇڭ بويىچە شۇندا قالىسەن،
نىمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن".

1955 ـ يىل.

## تەدبىرلىك توخۇ

ئاچ تۈلكە كېلەتتى ھەر يانغا قاراپ،
ئوزۇقلۇق ئىزدەپ، ئىسكەپ ـ تىمىسقاپ.
كورۇندى كوزىگە بىردىنلا توخۇي،
تۈلكە دىدى: "بۇ ياخشى ئولجا" ئوھۇي...
ئالداپ ـ سىلاپ بۇنى تۇتايمەن،
ھىچ نەرسىسىنى قويماي يۇتايمەن.
توخۇنىڭ كوزى چۈشتى تۈلكىگە،
بىر قانات قېقىپ چىقتى ئوگزىگە.
بۇ ھالنى كورۇپ تۈلكە ئېچىندى،
ھىلە ئىشلىتىپ ئاڭا يېلىندى.
دىدى: ئەي توخۇ، چۈشكىن تۆۋەنگە،
يامان نىيەت يوق زەررىچە مەندە.
بىر خۇشخەۋەر بار مەن ساڭا ئېيتاي،
مېنىڭدىن قورقۇپ سالمىغىن ئايھاي.

تۇنۇگۇن بىر كۈن ھەممە جانىۋار،
يىغىلىپ شۇنداق قىلىشتۇق قارار:
بىر بىرىــمىزگە زادى تەگمەيمىز،
ئۆلسەك كومىمىز، ھەرگىز يېمەيمىز.
كىمدە ـ كىم بۇزسا مۇشۇ قارارنى،
يوق قىلىمىز ھەممە شۇ جانىۋارنى.
بۇ ”خۇشخەۋەر“نى يەتكۈزىمەن دەپ،
قانچىلىك يولنى باستىم تەمتىرەپ.
چۈشكىن پەسكە يۈرەيلى بىللە،
راھەتتە دەۋران سۈرەيلى بىللە.
جاۋاپ بەرمەستىن بۇ سوزگە توخۇ،
بوينىنى سوزۇپ قىرغا قاراپتۇ.
تۈلكە ئۇنىڭدىن سوراپتۇ يانا:
”جاۋاپ بەرمەيسەن نىمە ئۈچۈن ماڭا،
نىمە ئانچە تىكىلىپ قارايسەن قىرغا،
نىمىنى كوردۇڭ چاپسان ئېيتقىنا؟“
قانىتىنى قېقىپ دىدى ئۇ توخۇ:
”كىلەر بىر ئىت بۇ ياققا مانا...“
تۈلكە توخۇدىن ئاڭلاپ بۇ سوزنى،
قۇيرۇقنى تىكتى مولچەرلەپ تۈزنى.
توخۇ قىچقاردى: ”ئەي نادان تۈلكە،
نىمىدىن قورقۇپ قاچىسەن شۇنچە؟!...

خۇشخەۋەرىڭنى ئېتمۇ ئاڭلىسۇن!
سەن بىلەن بىللە چولدە ئوينىسۇن!...“
تۈلكە قايرىلىپ: ”ئەي توخۇ، ـــ دىدى، ـــ
توختام بولغاندا بۇ ئىت يوق ئىدى.
ئېھتىيات كېرەك، ئېھتىيات كېرەك،
توختامدا جان يوق ماڭا جان كېرەك!“ ـــ
دىدى ئارقىغا قارىماي قاچتى.
توخۇ قاقاقلاپ قانىتىن قاقتى.

1980 ـ يىل 10 ـ ئىيۇل، قۇمۇل.

## پاشا بىلەن چۈمۈلە

گاھى ئىتتىرىپ گاھى سورەپ چۈمۈلە،
بىر باشاقنى ئېپ كېلەتتى ئىنىگە.
قاياقتىندۇ ئۇچۇپ كەلگەن بىر پاشا،
ماختىنىپتۇ چۈمۈلىگە بىر ھازا:
ـــ ماڭا قارا ئەي چۈمۈلە جان ئاداش،
بۇ قىلىغىڭ ياراشماپتۇ نەسلداش.
ھال ـ ئوقتىڭ بەك ئىغىر كەن ئىچىندىم،
كەيپىم ئۇچتى سېنى كورۇپ چېچىلدىم.

جاپا چېكىپ ئوزۇق تېپىپ يىمەيمەن،
نەدە قان بار شۇنى شوراپ تۇنەيمەن.
مېنىڭ ئۇچۇن قان بولسىلا كۇپايە،
ھاياتىمغا قان تۇگىمەس دەسمايە.
قېنى كەلگىن ئىككىمىز بىر بولايلى،
ئىسسىق ـ تاتلىق قاننى بىز تەڭ شورايلى!
ــ ئەي تىرىكتاپ، ماختانچاق، قانخۇر پاشا،
سوزلىمىدىڭ ئوز ھالىڭغا يارىشا.
توغرا دىدىڭ مەن جاپاكەش مېھنەتچى،
مەن ئەمەسمەن قان شورىغۇچ تولەكچى.
مەن ياشايمەن ئەمگىگىمگە تايىنىپ،
سەن ياشايسەن ئەل تېنىدىن قان ئېمىپ.
مەن ۋە مېنىڭ جىنسىم شۇنداق تىرىشچان،
ھەر يەرلەردىن تېرىپ كېلەر مەندەك دان.
بىزلەر ئۇچۇن كەڭ دالادۇر داستىخان،
بىزگە ئوزۇق ئاشلىق، مېۋە، ئۇستىخان.
چېچىلغاننى تېرىپ ـ توشەپ يىغىمىز،
ئوزۇقتا باي نەسلىمىز ھەم ئىنىمىز.
بىزنى ئاسرار ئادەم، ئۇلاق ھەممىسى،
بىزگە يوقتۇر ئۇلاردىن جان ۋەھىمىسى.
سەسكىنىدۇ، سېنى ھەر جان كورگەندە،
دەيدۇ سېنى، ئىنسان نەسلى: "گېزەندە..."

"بەزگەك كېسلى تارقىتىدۇ" دەپ سېنى،
ئۇلتۇرىدۇ كورگەن يەردە خەق سېنى.
ئات ـ ئۇلاقمۇ قۇيرۇق سىلكىپ قورۇيدۇ.
تۇتۇن ـ شامال سېنى كۆلدەك سورۇيدۇ.
ياشىمايمىز ساڭا ئوخشاش ماكانسىز،
يازدا تىرىلىپ، قىشتا بولمايمىز جانسىز.
ئوزەڭ هورۇن قان ئىچكۈچى ئۇلگىسى،
كىمنىڭ كېلەر سەندەك رەسۋا بولغۇسى.
شاپىلاق بىلەن يەلپۈگۈچنىڭ دەستىدىن،
ئوتەلمەيسەن بىزگە ئوخشاش رەستىدىن.
بىر ئۇرۇقمىز، بىر ئۇگىدا ياشايمىز،
تەڭ تىرىشىپ تاپقاننى تەڭ ئاشايمىز.
ئىتتىپاقمىز، سۇ كىرگىدەك ئاراش يوق،
"كۆچ بىرلىكتە" بولگۇنچىنى ئاياش يوق.
بىزدە يوقتۇر بولگۇنچىدىن نىشانە،
ئەمەسمىز بىز سەندەك تەتۇر پېشانە.
يولۇڭغا ماڭ دەرەخ شېخى لىڭشىدى،
قەيەردىدۇ سەندەك بىرى غىڭشىدى.
كىم بىلىدۇ شامال ئىستەپ يۇرەمدۇ؟!...
ياكى ئەجەل سېنى ئىسكەپ كېلەمدۇ؟!...
قان ئىچەرلەر ئەجەل بىلەن يېقىندۇر،
ئومرى قىسقا گوياكى بىر چېقىندۇر.

ماختانچاقلىق نەسلىمىزدىن ئار بىزگە،
ئوم، كەمتەرلىك، تىرىشچانلىق يار بىزگە.
سوزگە تۇتۇپ ئىشتىن قويدۇڭ نابىكار،
قانخورلۇغىڭ ئاخىر بېشىڭغا چىقار.
دەپ چۇمۇلە باشاق سورەپ قوزغالدى،
بۇ دەشنامدىن يالقاۋ پاشا تولغاندى.
قان تىمىسقاپ ئۇ، كورەڭلەپ ئۇچقاندى،
تەگدى تەستەك پاشا قانغا بويالدى.





AltunOq

ئىمىن تۇرسۇن



# بۇلبۇل ۋە تۇتى

تۇتاي سوغات پاساھەت تىل جەۋھىرىدىن،
قىلاي چاچقۇ مەسەل سوزنىڭ گەۋھىرىدىن.

ئاچۇندا كوپ باغۇ-بوستان تۇرلۇك-تۇمەن،
گوزەللىكتە ئۇز بارچىدىن بىزنىڭ چىمەن.
گۇل بېغىمنىڭ بۇ ئالەمدە بار ئاتىغى،
مۇسىسى مول، ئاندىن تولا كەش راۋىغى؛
لالە-رەيھان ئەجەپ بۇندا سان-ساناقسىز،
گۇلزار ئارا بىر چېچەك يوق ھىد-پۇراقسىز.

سۇرۇپ ئالدىن چىقتى چولپان—تاڭ سىپاھى،
قىلدى تەشرىپ جانلىق ئۇچۇن شەپەق شاھى.
جىمى جاندار باشلىدى جەڭ سەھەر چاغدا،
ئۇمىت باغلاپ ئۇز رىزقىغا قايتا، باغدا.

بارچە قۇشلار باشلىدى ساز گۇل پەسلىدە،
ھەر بىرىنىڭ سوزى ئۆزگە ئۆز نەسلىدە.
بىرى قىلسا نەغمە، قىلۇر بىرى پەرۋاز،
بىرى تەنناز، بىرى شوخ، ساز ھەم خۇش ئاۋاز.
نەۋ باھاردا قىزىل گۇللەر ئېچىلغاندا،
ھەر تەرەپكە خۇش ئەتىرلەر چېچىلغاندا.
قىزىل گۇل جان بولدى جانان بۇلبۇل جانغا،
جان تەسەددۇق قىلۇر بۇلبۇل گۇل جانانغا.
قىش ئايازدا گۇل جان ئۈچۈن تارتىپ جاپا،
گۇلگە بەرگەن ئانتى ئۈچۈن ئەيلەپ ۋاپا؛
مەپتۇن بولۇپ قونار شاخقا گۇل شەيداسى،
جىمى جانغا يېتەر ئاندىن كوي-نىداسى.
سۇ بۇرغىنى چالسا بارچە خوي تىڭشىغاي،
ناۋاسىدىن سۆيۈنگەي دىل، جان ياشنىغاي.
جىمىكى خۇش ناۋا-كۈينىڭ كانىدۇر ئۇ،
ئۇچار قۇشتىن سازچىلار سۇلتانىدۇر ئۇ.

باغنىڭ چېتى كاشىن ساراي، ئايۋان ئىكەن،
گۇل تورۇسى چاقناپ يۇلتۇز كەيۋان ئىكەن.
زە ئايۋانغا ئېسىلىپتۇ ئالتۇن قونداق،
يان-يېنىدا ساڭگىلاپتۇ ئىسىل مونچاق.
زەر قونداققا يېشىل تونلۇق تۇتى قونغان،

مەئىشەتتە تېپىپ راھەت كوڭلى قانغان.
كەلسە بىر كنم سالام يوللاپ بۇ خاندانغا،
كورۈپ ئەپتىن جاۋاپ قىلغاي ئۇ مېھمانغا؛
ئۇلۇغ زاتتىن بىرى تەشرىپ قىلسا ئەگەر،
خوشامەتتىن شۇئان تۇتى مەرھابا دەر؛
كەلسە پۇقرا سۇپەت، تۇتى قانات قاقار،
"يوق خوجايىن" دەپ سۇرەتلەپ قاغىش توقار.
دورامچىلىق — تۇتى قۇشنىڭ تۇپ خىسلىتى،
خىسلەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نەس ئىللىتى.
قىلۇر تەقلىت ئىملىق بىلەن ئۇدەك، غازنى،
قاغا، قۇچقاچ، ئىت ـ مۇشۇكنى، زال خورازنى.
ئوزىگە خاس زۇۋانى يوق، ئاھاڭى يوق،
"ناخشىچى" دەپ ئەل ئىچىدە يا دېڭى يوق.
ئىلھامى يوق، ئىلھام ئۇچۇن ھەم زوقى يوق،
لالىسى يوق، لالە ئۇچۇن ھەم ئىشقى يوق.

ساھىپ بىر كۇن تۇزۇپ رىجە غەمخان ئىدى،
ئىگىلىكتىن غەم يەپ بېشى قاتقان ئىدى.
تۇتى ئۇنلەپ قاقتى قانات خوشامەتتە،
خوش ياقمىدى خوجىسىغا شۇ سائەتتە.
قونداق بىلەن ئېلىپ باردى باغ چېتىگە،
ئېسىپ قويدى خوجا ئۇنى ياش سېدىگە.

ئار ئالمىدى خوجىسىنىڭ قىلىغىنى،
ئويلاپ قويدى ئاتا گەپنىڭ سىلىغىنى.

شۇ چاغ، بۇلبۇل چالدى سازنى خۇش ناۋاغا،
خوي يېقىملىق يايدى لەرزان كۆي ھاۋاغا.
ئاشىق بۇلبۇل ئىلھام ئېلىپ گۇل بەرگىدىن،
مۇڭدىشاتتى گۇل جان بىلەن يۈرەگىدىن.

تۇتى بىر پەس بۇلبۇلنىمۇ قويدى دوراپ،
لېكىن ھەيران بولدى ئاندىن ئىچى ئاداپ.
باشلىدى سوز تۇتى گېدەڭ ئۆزنى داڭلاپ،
قىلغان سوزى بەرى يالغان، ھەممىسى لاپ:
— تۇرار جايىم بولۇر توردە، پەگا ئەمەس،
ھۇنەر ئۇچۇن سوھبەت كېرەك، پايگا ئەمەس.
مەرتىۋەم بار، ئېتىمنىمۇ شاھ تۇتى دەر،
بارچە مېنى دولەت قۇشى، جان قۇتى دەر.
ساھىپقا باپ مېنىڭ ئىسىل سولتىم بار،
سوزمەنلىكتە شەھەر ئارا شوھرىتىم بار.
ساھىپ بېرور كۇندە ماڭا سۇ بىلەن دان،
مېنى كورسە يۈزى گۇلدىن ئوتە خەندان.
دېگەننى دەپ، بەرگەننى يەپ ئوتەر كۇنۇم،
"كۇنۇم—جەننەت" دەپ توۋلىسام يېتەر ئۇنۇم.


AltunOq

بىرسەن خوش ئەردەم بىلىپ ھەر كۇن سالام،
ئوقۇپ ساھىپ شان ـ شەنىگە شىرىن كالام.
يا سەندە يوق مىنىڭ كەبى راھەت ماكان،
راھەت كورەي دىسەڭمۇ يوق سەندە ئىمكان.
سەھەر تۇرۇپ ئۇنلەپ ـ ئوكسۇپ ياشلار توكۇپ،
چاڭىلدايسەن گۇل شاخىدا قونۇپ ـ موكۇپ.
"ئىشقىمنى مەن گۇلگە بەردىم" دەيسەن كويۇپ،
گۇل قاچاندا چىراي ئاچقان سىنى سويۇپ.
ئۇرسا يامغۇر نەيزە، بولۇر ھالىڭ خاراپ،
چىقسا بوران، ئىندە شۇمشۇپ ياتتىڭ ماراپ.
ئوچەر چاقماق شەمشىرىدىن ئاجىز ئۇنىڭ،
"كۇشەندە"نىڭ ئويۇنىدىن تەستۇر كۇنۇڭ.
نە كوركۇڭ بار، نە سولتىڭ، نە جامالىڭ،
سەھەر يىغلاپ، كەچتە توڭلاپ بەتەر ھالىڭ.
قېنى راھەت، سەندە نىمەت، قېنى لەززەت،
قايسى ئەخمەق سويۇپ قىلغاي سىنى ئىززەت.
بولۇر ھىسداش گاھى ئەل سەن بىناۋاغا،
ئاغرىتىپ ئىچ سەن ناتىۋان بىداۋاغا.
گاھى ئىنسان تۇتۇپ سىنى قىلغاي ھەبەس،
بولۇپ دەرتمەن ياتار جايىڭ بولغان قەپەز...
چاغىلدى ئۇ ئوزىنى ئەر، بۇلبۇلنى يەر،
داڭىلغان ئوزىنى شۇنداق ھەرنىمە دەر.

ئەمدى بۇلبۇل كۆلۈپ تەمكىن سۆردى زۇۋان،
ناۋاسىدىن ئېچىلدى گۈل تۈمەن ـ ئەلۋان.
ــ تۈننىڭ چېچى يايسا كوككە "زەڭگىسى"نى،
مۇقام ئەتسە قەمەر ئاسمان ئوگزىسىنى؛
گۈل ۋەسلىگە بولۇپ مۇشتاق ياتتىم بىدار،
كوڭلۈم قانار كورسەتسە دەپ گۈلۈم دىدار، ـ
دىدى بۇلبۇل، ــ يورۇدى تاڭ بولۇپ كوكلەم،
كوكلەم بىلەن گۈل ماكانىم بولدى كوركەم.
خەندان ئۇرۇپ گۈل مەشۇغۇم ئاچسا چىراي،
نىدا قىلماي گۈل ئىشقىدا قانداق چىداي؟
گۈلگە بارچە قۇش بولالماس مەندەك ئاشىق،
ئاشىقلىقنىڭ شەرتى ئەۋەل بولۇش سادىق.
قىزىل گۈلدىن يېتىپ نېمەت لەززەت كەلگەي،
تارتقان جاپا ـ زەخمەت مەندىن كوتۈرۈلگەي.
نەركەس كەبى هاياسىزغا كوڭلۈم چۈشمەس،
خىيالىمغا كوڭلى قارا لالە كەچمەس؛
ئىككى يۈزلۈك، ئالتە تىللىق گۈل سوسەنگە،
بەرمەي كوڭۈل، قىلدىم ئىجاز ياسىمەنگە.
يۇغۇرۇلغان گۈلنىڭ مېهرى بىلەن زاتىم،
ئۇنسىز ماڭا، بەس ئولۇمدۇر بۇ هاياتىم.
بارچە گۈلنىڭ تاجىسىدۇر مېنىڭ يارىم،
ئاڭا جۇپتۇر نامىم، خاستۇر ئىختىيارىم.

بولسا ھاجەت راست كىچۈرمەن مالۇ، جاندىن،
كەچمىگەيمەن زادى باغدىن، گۈل جاناندىن.
جانان ئۈچۈن ئەزىز جاننى قىلىپ قۇربان،
گۈل ۋەسلىگە يەتسەم قالماس مەندە ئارمان.
ئىشىق تۇگۈل، سەندە يوقتۇر زەررىچە ئار،
شۇڭا سوزۇم ھەتتا ساڭا قىلمىغاي كار.
تەييارغا سەن دايىم ھەييار زەر قونداقتا،
يازدا ئايۋان بولسا جايىڭ، قىش قازناقتا.
ئۈزەلمەيسەن ئاچ كوزۇڭنى داستىخاندىن،
كىمىرگەيسەن ئىگەڭ بەرسە ئۇستىخاندىن.
بەرگىنىڭگە قانماي ئوزگە ھەم چارەڭ يوق،
چىن دىلىڭدىن سىنى سويگەن ھەم تورەڭ يوق.
نە ئىشقىڭ بار، نە مەيلىڭ بار، نە ئامالىڭ؟!
نە زوقىڭ بار، نە ئەھلىڭ بار، نە جامالىڭ؟!
خوشامەت دەپ چورگىلەيدۇ ھۇشۇ-كاللاڭ،
مەدھىيىگە ئاغزىڭ دايىم تۇرار ھاللاڭ.
ساڭا قويسا، شەر ئالۇرسەن لاپ سوز بىلەن،
مۇڭداشقىلى چولام يوقتۇر داپ يۇز بىلەن.

سەۋرى تۇگەپ بولدى سوزنى تۇتى قايناپ،
يانا ساتتى سەپسەتىنى تىلىن چايناپ:
— ئۇقمىدىڭمۇ زەرنىڭ بولۇر زەرچە نەرقى،

ئەلمىساقتىن شاھ-گادايىنىڭ بولۇر پەرقى.
دەيدۇ كىشى پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭدۇر،
يانا باركى، چوڭنىڭ خۇلقى يانا چوڭدۇر.
ۋاپا دەيسەن مەندىن ئۇگەن سەن ۋاپانى،
ئېيتساڭ ئالقىش كورمىگەيسەن ھىچ جاپانى.
قىل دىگەننى قىلماي ئىبلىس بولدى مەلئۇن،
ھەمدۇسانا تەڭرىنىمۇ قىلۇر مەپتۇن.
ئۇپۇراتماي جاننى ساقلاش—ئاقىل ئىشى،
ئۇزگىنى دەپ باش قاتۇرار ئەخمەق كىشى.
ھەق سوزلىسەڭ بېشىڭ كېتۇر، ئەي ساددا دىل،
زورلۇق قىلىپ نوشىرۋان نام ئالدى "ئادىل".
سۇ كەلتۇرگەن خاردۇر، ئەزىز كوزا چاققان،
چۈنكى ئۇنىڭ خوشامەتكە تىلى چاققان.
ھېيتەم تۇتسا روزىنى ساق ئۇزۇن كۇندە،
روزا ئويىنار كۇلۇپ ھېيتنى توي-توكۇندە.
چولدە مالنى باقسا چوپان تاياق بىلەن،
ئىچەر قايماق مال باقمىغان ئاياق بىلەن.
خالايىق—مال، ھەقىقەت شۇ، ئەمىر—چوپان،
ھۇشيار مالاي بەگ رەنجىگە ياپقاي چاپان.
خانىدانغا كېلۇر كۇندە ھەر خىل مېھمان،
بىرى قۇتلاپ، بىرى ماختار، كۇلەرمىز بان.
بۇ ئەدەپنى خوپ ئۇگەندىم سۇخەنچىدىن،


AltunOq

سۇخەنچىلەر تاپۇر لەززەت زەر خۇنچىدىن.
خوشامەت سوز يورۇتقۇسى سىنەلەرنى،
ھەتتا دىلدىن يوق ئەتكۇسى گىنەلەرنى.
ئاچچىق سوزدىن قاچۇر كۇلكە ئۇچۇق يۇزدىن،
ئەل ئېيتىدۇ: تاش ئېرىگەي تاتلىق سوزدىن.
شۇڭا راھەت دەرۋازىسى ماڭا ئۇچۇق،
تورەم ئۇچۇن بۇرچۇم—بولۇش بىر ئاۋۇنچۇق.
دەيدۇ قاغا: بالام ئاپپاق، كىرپە: يۇمشاق،
بۇ—ھەقىقەت، يۇم ئاغزىڭنى بولما شاقشاق.

يوللۇق بىلەن باشلىدى سوز بۇلبۇل ھەقتىن:
—كۇلمىسەمۇ بولغىدەك بەس، سەن ئەخمەقتىن.
يالغانچى دەر ئۇيالماستىن ئاغرىقنى ساق،
دەيدۇ قارايۇز تەپ تارتماي قارانى ئاق.
قارا يۇزلەر بۇرمىلىغاي توغرا سوزنى،
يەتتە دەريا ئاقار تالماس قارا يۇزنى.
تويماس يالاپ يالاقچى، غاجىلاپ غالچا،
تېخى چۇشمەس قولىدىنمۇ تەخسە-خۇنچا.
ماختانچاقلار كىيىپ بوزنى تاۋار دەيدۇ،
قارا گۇلنى سىراج ئەيلەپ ئىپار دەيدۇ.
تەييار تاپىنىڭ ئەل ئىشىگە بېشى قاتار،
بەزمە دىسە داستىخاندا توغرى ياتار؛

كورسه نۇقسان، يوق دەپ دەرھال ئىتەك ياپار،
چىقىم ئۇچۇن ھاسا تۇتۇپ تۇندە چاپار.
"ھاۋا بولۇت دىسە" سەردار كوزى چاڭقىپ،
خوشامەتچى "ياغار يامغۇر" دەيدۇ ھالقىپ.
بەزىلەرنىڭ ئوتەر ئومرى يالغان سوزلەپ،
ئوز جىنىغا ئالتە كۇنلۇك راھەت كوزلەپ.
گاھى قەللاپ ناھەق ئەيلەپ ئەل سوزىنى،
نابۇت قىلۇر ئەل-يۇرتىنى ھەم ئوزىنى.
سەپسەتىچى كونەس ئىشتا مۇشەققەتكە،
يوقنى بار دەپ كوز يۇمغۇسى ھەقىقەتكە.
ئەل ھەمىشە ساختىپەزدىن قىلۇر پەرھىز،
قۇرۇق گەپتىن ئۇنمىگەي گۇل باغدا ھەرگىز.
ۋىجدانلىق ئەر دايىم سويەر ئەل ئىشىنى،
ئەسلىگەي ئەل، ئەلگە كويگەن ھەر كىشىنى.
ئازات كوڭۇل بولغان كىشى خوشال ئىشلەر،
ئەركىن باغدا ھالال ئىشتىن ناۋات چىشلەر.
لاپچى لەيلەپ، قىلماي ئەمەل ھەپتە-ئايلاپ،
"پولۇ يېدىم" دەيدۇ يالغان، بۇرۇت مايلاپ.
گۇل سويمىگەن كورسە ئازغان گۇزەل يار دەر،
قىزىل گۇلنى ئىلغىيالماي تىكەن خار دەر.
گۇلگە كېرەك تۇپراق، ھاۋا، سۇ ۋە زىيا،
توت ئامىلسىز ياشنىيالماس باغدا گىيا.

باغۇ-بوستان بولماس ئەلسىز، گۈلسىز ئاۋات،
گۈل تىكەنسىز بولمىغاي، بۇ — ئاددى ساۋات.
چاھارباغدا بولسا بۇلبۇل قېنىپ سايرار،
بولسا ئەركىن قىلىپ پەرۋاز كوڭلى يايرار.
كىشەنلەنگەن سەن قونداقتا بولۇپ خۇشتار،
ئۇچالمايسەن ھەم ئۇچۇشقا جايىڭمۇ تار.
دوراپ كەلدىڭ جان بېقىشقا ئامال ئەيلەپ،
خۇش ئاۋازنى ھەسەت بىرلە قامال ئەيلەپ.
ھەققىڭ يوقتۇر داغدام يولنى تارايتىشقا،
ئاقارغان يۈز-چىھرىلەرنى قارايتىشقا.
ئۈگۈت ساڭا: دوراش بىلەن ئۆتكۈزمە كۈن،
ئەجرى تارتماي تاپقىنىڭغا ئەمدى ئوكۈن.

ھەقىقەتنى ئاڭلاپ تۇتى ئويغا پاتتى،
ئۇزاق يىللىق ئادىتىدىن بېشى قاتتى.
چۈشەلمىدى ئۇزەڭگىدىن، چۈشۈپ ئاتتىن،
كېچەلمەيتتى زادى سۇنماس ئاش-تاۋاقتىن.



تۇردى سامساق



# كېڭەش

بىر كۈنىسى كەچقۇرۇن،
ئېغىز، قۇلاق، كوز، بۇرۇن.
قول، پۇتلار سوھبەت ئۈچۈن
تەييارلاشتى بىر ئورۇن.
سائەت نول — نولگە تولدى،
مەجلىسنىڭ ۋاقتى بولدى.
ئالدى بىلەن يىغىنىنىڭ،
كۈن تەرتىۋى ئوقۇلدى.
ئەھلى مەجلىس كېڭىشىپ،
سايلىۋالدى رەئىسنى.
دەرھال مۇنبەرگە چىقىپ،
ئېغىز ئاچتى مەجلىسنى.
"جاناپ" رەئىس چۈڭۈلداپ،
سوزلىمەككە كىرىشتى.
كوپتىن كۈتكەن مەقسىدى



AltunOq

رەئىسلىككە ئېرىشتى.
ئۇزاق ئۆتمۈش زاماندىن،
باشلىغۇەتتى سوزىنى.
كوپچىلىككە راسا بىر
تونۇتماقچى ئوزىنى.
رەئىس ئاستا يوتۇلۇپ،
گەدەننى بىر قاشلىدى.
ئاخىرى ئۈنى پۈتۈپ،
مۇنداق پىكىر تاشلىدى:
— ئاغىنىلەر بۇگۈن بىز،
مۇزاكىرە قىلىمىز.
كىمنىڭ خىزمىتى ئارتۇق،
كىمنىڭ تووۋەن بىلىمىز.
شۇنىڭ ئۇچۇن ھەر كىشى،
پىكرىمىزنى سوزلەيلى.
توغرا مەيداندا تۇرۇپ،
ھەقىقەتنى كوزلەيلى.
ئانداق بولسا ئەڭ ئاۋال،
باشلاپ بېرەي مەن ئوزۇم.
بەلكى ھەممىگە بىردەك،
مۇۋاپىق كېلەر سوزۇم.
ئەگەركى مەن بولمىسام،

سوزلەپ، غىزا يۇتمىسام،
ھەممىڭلار ئاللاقاچان،
تۇگەيتتىڭلارغۇ تامام!
ئاڭلاپ رەئىس سوزىنى،
ئوت چاقنىتىپ كوزىنى؛
غەزەپلەندى ھەممىسى،
تۇتالماستىن ئوزىنى.
ئۇدۇل سەھنىگە چىقتى،
غەزەپلەنگەن قۇلاقۋاي.
ئاچچىغلاپ، قايناپ كەتتى،
ئوپكىسىنى باسالماي:
— ئەگەر مەن ئاڭلىمىسام،
سەنلەر قانداق قىلىشسەن؟
پەقەتلا مەن بولمىسام،
جىمىسىڭ ئولۇشسەن.
مېنىڭ بولغانلىغىمغا
مىڭ-مىڭ شۇكۇر قىلىشسەن.

دىدى شۇئاندا بۇرۇن:
— ئەمەسمەن ئەسلا ھورۇن.
باھار، ياز، كۇز، قىش دىمەي —
ۋە يا كۇندۇز، كەچقۇرۇن.

ئەركىن نەپەس ئالىمەن،
پاك ھاۋانى يۇتىمەن.
دىمەك ھەممىڭلارنى مەن،
چوقۇم ئاسراپ تۇرىمەن.
بۇ چاغدا پۇت شاپاشلاپ،
ۋە چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ.
قايناپ كەتتى سەھنىدە،
دەرتلىك سوزىنى باشلاپ:
— باياتىن قاراپ تۇرسام،
جىمىسىڭ كوپ سوزلەشتىڭ.
ھەقىقەتنى ئۇنۇتۇپ،
ئوز نەپسىڭنى كوزلەشتىڭ.
ئەگەر دە ماڭمىسام مەن،
سەنلەر قانداق قىلىسەن؟
ھىچقەيەرگە بارالماي،
بىردەمدىلا ئولىسەن.
مەن بارمىسام كەلمەيدۇ،
ئالدىڭلارغا تاماق، سۇ.
بۇ ئۇلۇغ ئىشلىرىمنى،
ھىچ قايسىڭ بىلمىدىڭغۇ؟
ۋاقىراشتى بارچىسى:
”بەس، بولدى بەس سوزلىمە!

ھەممىدىن تووۋەن تورۇپ،
سەن ئۇزەم ئارتۇق دىمە!“
كوز دىدى:
— ھەي خالايىق،
ئەڭ ئۇلۇغ مەن بولىمەن.
يوروق دۇنيا، ئىگىز-پەس،
ئوت، سۇلارنى كورىمەن.
مەن بولغاچقا بارلىق جان،
دىگەن يەرگە بارىدۇ.
ئەگەركى مەن يوق بولسام،
تەۋرىيەلمەي قالىدۇ.
شۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتىمەن،
ھەممىدىنمۇ مەن ئۇلۇق.
قانچە سوزلىسەڭلەرمۇ،
ھەممە گېپىڭلار قۇرۇق.
مەجلىس ئەھلى دۇررىدە،
قوزغىلىشىپ ئورنىدىن.
دىدى: ”— ھەي مولدۇرلىگۇچ،
چاپسان يوقال سەھنىدىن!“
دەرھال ھەركەت قىلدى قول،
سەھنىگە قاراپ سالدى يول:
”— مەنمۇ ئېيتاي پىكرىمنى

بەلكى كەپ قالار ماقۇل.
كوپ گەپ بولدى بۇ يەردە،
مېنىڭ سوزۇم چىقمىدى.
"ئالى كىرام جاناپلار"
ئىنساۋىڭلار شۇمىدى؟
ئەگەر كەتمەن چاپمىسام،
بوز يەرلەرنى ئاچمىسام،
ئۇرۇقلارنى چاچمىسام،
ئوزۇق-تۈلۈك تاپمىسام؛
سەن هەممىڭ ئولمەسمىدىڭ؟
يوقلىپ پۈتمەسمىدىڭ.
مېنىڭ شۇ ئەقىدەمنى،
هىچ بىرىڭ بىلىشمىدىڭ.
ئەمدى ئەمگەك قىلمايمەن،
مىدىرلىماي ئۇخلايمەن.
مەنسىز سەن جاناپلارنىڭ،
ياشىغىنىڭنى كورەيمەن.
— هە، مەنمۇ ئاڭلمايمەن، —
دىدى شۇ ئاندا قۇلاق، —
قەدرىمنى بىلمىگەنلىرىڭ،
بولسۇن بۇرنۇڭدىن بۇلاق.
— ئانداق بولسا، — دىدى پۇت، —

مەن ھەركەتتىن توختۇدۇم.
— يىقىلىپ ئولۇش، — دىدى كوز، —
مەنمۇ مۇتلەق يۇمۇلدۇم.
ئېغىز دىدى:
— ئەمدى مەن،
پەقەت لام-جىم دىمەيمەن.
ئاچتىن ئولسەڭلارمۇ ھەم،
مۇتلەق غىزا يىمەيمەن.
بۇرۇن دىدى:
— ئالمايمەن،
ئەمدى ھەرگىزمۇ نەپەس.
ئاتساڭ-چاپساڭ گېپىم شۇ،
ئىللا-بىللا بولدى بەس.

نەچچە كۇندىن يېتىشتى،
ھەرقايسى ھەر بۇلۇڭدا.
ئوچاقنىڭ ئوتى ئوچتى،
قوقاسمۇ يوق كولۇڭدا.
ئاشقازاننىڭ ئالدىراپ،
تاراقلىدى تۇۋۇىغى.
ئۇچەي خىجىل (ھالسىراپ)
يامانلاشتى تۇرىقى.

قوۋۇزلىرى سالپايغان،
ئوپكە تۇرار بىرچەتتە.
ياتقانلار قىلىپ پۇشمان،
تولغانماقتا ھەسرەتتە.
شۇندا ۋىجدانلىق يۈرەك،
ھىچ چىداپ تۇرالمىدى.
ھاياجانلار ئىچىدە،
ئۇ مۇنداقچە سوزلىدى:
— ئاگلا، ھەي خالايىقلار،
قىلىمەن ساڭا جاكا.
تۇر چاپسانراق ھەركەتلەن،
ناھەق ئولمەستىن بىكا.
قېنى ۋىجدان، قېنى نومۇس،
تۈگەپ، پۈتكەنمۇ ئىنساپ؟
باشلىرىڭنى تېز كوتەر،
بولماي ئۇنداق نا ئىنساپ!
يۈرەكنىڭ شىرىن سوزى،
ياغدەك ياقتى ئۇلارغا.
("نومۇس" دەپ گەپ قىلالماي،
ئاران تۇرغان جانلارغا)
ماغدۇرسىز ئۇلار ئاستا،
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئوز قىلىغىغا ئۆزلىرى،
بەكمۇ خىجىل بولۇشتى.
ئۇلار ئوملۇك ھەركەتنىڭ،
مەنىسىنى بىلىشتى.
شۇڭلاشقا يىغىۋاشتىن،
كىڭەشمەككە كىرىشتى.

❖

بۇ خەلقنىڭ چوچىگى،
بولغاي ئىبرەت ئەينىگى.
ئوز نوۋىتىدە ھەركىمنىڭ
شۇنچە زورۇر ئەمگىگى.

1954 ـ يىل ئاپرېل.

## خوراز ۋە مايـىسا

باھارنىڭ بىر خۇش كۈنىدە،
خوراز كىردى باغچىغا.
بوستان بويلاپ يۈرگىنىدە،
كوزى چۈشتى مايىسغا.



Altun Oq

خوراز جاننىڭ زوقى كېلىپ،
چوقۇپ تارتتى مايسىنى.
مايسا سورىسا دىدى كۇلۇپ:
— ئۇستۇرمەكچى مەن سېنى...

❖

بىزدىمۇ بار "ئاق خوراز" دەك،
غەمخۇرلۇغى كوپ جانلار.
ئۇستۇرىمەن دەپ مايسىنى،
قۇلىغىدىن سوزغانلار.

1957 ـ يىل، ئۇرۇمچى.





## تېرمومېتىر


ماختىنىپ تېرمومېتىر سوز باشلىدى،
تۈلكىۋاي ھە دىگەندەك كوز تاشلىدى:
— بىلەمسەن مېنىڭ ئىتىم تېرمومېتىر،
ماڭا ھىچ كار قىلمايدۇ ھىلە-مىكىر.
سېزىمەن بىر گىرادۇس سوغۇقنىمۇ،
بىلمەيمەن قىلچە سەۋەن، چاتاقنىمۇ.
شۈڭلاشقا ھاۋارايى مەندىن خوشال،
دەيدۇ ئۇ: ماڭا خىزمەت قىلدىڭ ھالال.
— مەنمۇ بىر تېرمومېتىر، — دىدى تۈلكە،
كورستىپ چىرايىدا ساختا كۈلكە، —
سەزگۈرلۈك ئىقتىدارىڭ مەنچە ئەمەس،
ئالدىمدا ماختىنىشنى قىلما ھەۋەس.
شۇنداق بىر ھاۋارايى باركى، ئايھاي،
ئاڭلىساڭ بېشىڭغا غەم سايە سالغاي.
ئادەمنىڭ تەبىتى بەك مۆرەككەپ،

مانا بۇ ساڭا سوزلەپ بەرگۈدەك گەپ.
بىزنىڭ بىر باشلىغىمىز قالتىس ئادەم،
ھورمەتلىك، ئىناۋەتلىك، ياخشى ئادەم.
كەم ئەمەس خىزمىتىگە مەسئۇللۇغى،
يارايدۇ ماڭا ئۇنىڭ جۇپ قوللۇغى.
تۇتىدۇ پىرىنسىپنى ئىككى قولدا،
دەملىشىپ گاھى ئوڭدا، گاھى سولدا.
ئوڭ قولدا تۇتقىنىدا پىرىنسىپنى،
سوزلەيمەن ماختاشلاردىن مۇناسىپنى:
"سادىقسىز ئەل-ۋەتەننىڭ خىزمىتىگە،
لايىقسىز جامائەتنىڭ ھورمىتىگە."
بۇ چاغدا دەيدۇ مىنى "يېقىن كىشىم"،
مىنىڭمۇ ئوڭدىن كېلەر ھەممە ئىشىم.
كورسەممەن سول قولىدا تۇتقىنىنى،
سېزىمەن سول يان بىلەن قويقىنىنى.
بۇ چاغدا ئالدىرايمەن تەسەللىگە،
ھەر ئىشتا ماسلىشىمەن خۇي-پەيلىگە.
شۇ كۈنى مۇلازىمەت قىلغۇچىلار،
خوشامەت بىجا قىلماي تۇرغۇچىلار،
ئۇچرايدۇ غەزىۋىگە شۇ سائەتتە،
بىر ھوكۈم بىلەن قالار رىيازەتتە.
بىلسەممۇ بۇ ھوكۈمىنىڭ خاتاسىنى،


خوپ بولدى تارتسۇن دەيـمەن جازاسىنى.
ھەق سوزنى قىلسام ماڭا ياخشىلىق يوق،
"خوپ" دىسەم، "لەبـبەي" دىسەم، خاپىلىق يوق.
كېيىمنى بايان قىلسام يىغىنچاقلاپ،
قالمىغىن ھۇنىرىمنى ئاسان چاغلاپ.
باشلىغىم گاھ قوپاللراق، گاھ مۇلايىم،
ئۇ مېنىڭ ئۆزگىرىشچان ھاۋارايىم.
ئۇسسىسا چاي تۇتىمەن ئىستاكاندا،
تەرلىسە سەگىتىمەن پىشايۋاندا.
يەلپۈيمەن گۈللۈك، يىپەك يەلپۈگۈچتە،
تۇرىمەن ئەھۋال سوراپ ئەتە-كەچتە.
ياپىمەن شاماللىسا پەلتۇسىنى،
تاپىمەن كوڭلىدىكى ئارزۇسىنى...
باشلىقنىڭ رايىن بىلىش پەمگە باغلىق،
كۇندىلىك ئىسسىق-سوغنىڭ كارى چاغلىق،
سەن سەزگۈر تېرمومېتىر بولساڭ ئەگەر،
باشلىغىم سالـماسىدى ساڭا نەزەر.
ئوستەڭنىڭ ئېقىشىغا ئاقالمايسەن،
ئاپتاپنىڭ چىقىشىغا باقالـمايسەن.
ئېسىلىپ تۇرىسەن جىم تامدا مىخقا،
ئۆگىنىپ قاپسەن ئوسال يات قىلىققا.
قانداقمۇ جان ئېتەرسەن بىر جېنىڭنى،


AltunOq

يىمىسەڭ يەر يۇتىدۇ ئۆز غېمىڭنى.
تامدىكى تېرمومېتىر ئاچتى ئېغىز:
— سۆزلىرىڭ ئاڭلىماققا خۇددى مېغىز...
دۇنيادا ئاز ئەمەسكەن ئارزۇ، خاھىش،
ھەركىمنىڭ نىيىتىگە يارىشا ئىش.
خەلققە قانداق بولسا ئەقىدىمىز،
بولىدۇ شۇڭا لايىق نەتىجىمىز.
يەر يۇتسا، مېنى يۇتسۇن، ئۆز نۆۋىتى،
يۇتمىسۇن سېنى يۇتقان ئەل نەپرىتى.



## ئابدۇكېرىم خوجا



# ھۇقۇشنىڭ ھالاكىتى

ھۇقۇشنىڭ خىسلىتىنى سوزلىمەيلى،
(ئەزەلدىن ياخشى بىلۇر خەلق ئۇنى).
كوزىدىن تېمىپ تۇرغان قىپ-قىزىل قان،
بەئەينى يېتىم-يېسىر خەقنىڭ خۇنى.
كېچىنى مەدھىيىلەش، كۇننى قاغاش،
ئەسلىدىن ۋە نەسلىدىن مىراس ئاڭا.
چۇنكى ئۇنىڭ تەختى، بەختى-تەلىيى،
تاجۇ-دولەت ھەممىسىگە تۇن پانا.

بىركېچىسى ھۇقۇشلارنىڭ سەردارى،
ئويلاپ-تىمىش كۇن بىلەن جەڭ قىلىشنى.
جەددى-جەمەت، بارچە ئۇرۇق-پۇشتىغا،
بۇيرۇق بېرىپ كۇننى يۇلۇپ ئېلىشنى.
تاڭمۇ ئېتىپ، كۇن قىزىرىپ چىقىپتۇ،

(تەبەتنىڭ ھوكمى شۇنداق، ئەلۋەتتە!)،
بۇلۇتلارنى يېرىپ ئالتۇن ئوق بىلەن.
قۇشلار سايراپ توي ياساپتۇ چىمەندە،
مەدھىيىلەپ كۈنـنى ئىشقى-زوق بىلەن.
شۇم ھۇقۇشلار پەيت راسا كەلدى دەپ،
كۈنگە بىردىن ھۇجۇم ياساپ چىقىپتۇ.
سۈرەن سېلىپ، ھۇۋلاپ شۇملۇق ئاۋازدا،
شىلتىڭ ئېتىپ، كۈنگە ئوزدىن ئېتىپتۇ.
بىراق، كۈننىڭ ھارارىتى قويامـدۇ،
كويدۇرمەستىن شۇم پېيىنى تېچ-ئامان؟!
رەسۋا بوپتۇ قاناتلىرى قايـرىلىپ.
مۇئەللەقتە قاپتۇ شۇملار شۇ زامان،
كۈندۇزدىنمۇ، كېچىدىنمۇ ئايرىلىپ...

1958 - يىل، ئۈرۈمچى.



## ئابدۇرېھىم توختى



# كېپىنەك بىلەن چۈمۈلە

ھاۋا ئىسسىق ئىدى ئەتراپ جىم-جىت،
ھاشارەت نەددىدۇ، ئۈنلەيتتى "چىرت-چىرت".

كېزىپ قايناق ۋە زور بىر ئوت سامادا،
چاچاتتى زەپ ھارارەت مۇشۇ ئەسنادا.

ئېتىزلار رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرگە تولغان،
گۈپۈلدەپ ھىد چاچاتتى لالە-رەيھان.

كورۇنەر سەل بولۇپ ساراپ① يىراقتا،
يېقىن بارسا كورۇنگەي باشقا ياقتا.

---

① ساراپ — ياز كۈنى ئەڭ ئىسسىق چاغدا يىراقتا سۇدەك كورۇنىدىغان جىسىمسىز نەرسە.

تەبىەت ھوسنىگە مەس بوپ كېپىنەك،
ئۇچاتتى بىر ئىگىز، بىر پەستە يەلدەك.

ئۇنىڭدا زادىلا غەمدىن ئەسەر يوق،
ئۇ شۇنداق شات ئىدى شۇنچە ئىدى شوخ.

ئۇچاتتى گاھ ئىگىز، گاھ پەستە ھەريان،
ئوزىگە زوقلىنىپ قىلاتتى جەۋلان.

كوزى چۈشتى كېپىنەكنىڭ بىناگاھ،
چۈمۈلە ھالىدىن ئۇ بولدى ئاگاھ.

چۈمۈلە ئالدىرايتتى شۇنچە جىددى،
جاپا سەزمەس ئىدى پۈكلەنسە قەددى.

ھىلى يۈگرەر ئىدى ئۇ ياق-بۇ ياققا،
مەشغۇلات يېنىدىن كەتمەس يىراققا.

كېپىنەك ئويلىدىكى، شۇنچىلىك جان،
گېلى تويىمامدىكىن! ھەي ئوزى نادان.

بۇ يازنىڭ پەيزىنى بولمامدۇ كورسە،
ئوزىنىڭ ئازغىنا جانىغا كويسە.

ئاشۇنداق تەپچىرەپ مىڭ يىل ياشامدۇ؟
قىدىرسا توختىماي قەدرى ئاشامدۇ؟

دىدى چۇمۇلىگە ئوي ـ تەدبىرىنى،
يىتۇرمەك بولدى ئاڭا تەسىرىنى.

مىنىڭدەك ئويلىساڭچۇ ئەي چۇمۇلە،
مىنىڭدەك ئوينىساڭچۇ ئەي چۇمۇلە.

هاياتنىڭ قەدرىنى بىلمەس نادانسەن،
بىكاردىن يۈك توشۇشقا كارۋان سەن.

مىنىڭ بىرلە تاماشا قىل، قوي ئىشنى،
پەرق ئەتكىل ئاداش ياز بىرلە قىشنى.

✣ ✣ ✣

چۇمۇلە ئوز ئىشىگە ئالدىرايتتى،
غىمى بۇ ئىش تۇگىمەي قالمىغايتتى.

جاۋاپ بەرمەي كىتىشكە كوڭلى قىيماي،
دىدى: ”هەي كىپىنەك هالىڭغا ۋاي ـ ۋاي،

هاماقەت بولما، قوي ئۇنداق گېپىڭنى،
بىلىپ قويدۇم سۆزۈڭدىن بار دىتىڭنى.

ياشا دۇنيادا بىر كۈن ياكى يۈز يىل،
رىزقىمنى تاپىمەن ئەمگىكىمدىن بىل.

كۈچۈڭ بار ۋاقتىدا بولساڭ تىرىشچان،
كېيىن بىر كۈنلەردە قىلمايسەن پۇشمان.

ئەگەر ياز ۋاقتىدا سالساڭ ئىمارەت،
ئۆتەرسەن قىش كۈنى بىغەم-پاراغەت.

بىلىپ قوي كېپىنەك ھۈنىرىم مېنىڭ،
ئىش-مېھنەت، تەر تۆكۈش ھوزۇرۇم مېنىڭ.

’قۇلدەك ئىشلە، بەگدەك يە‘ دىگەن ئىكەن،
ئىزدىمەيمەن ئولۇپ قالسام تەييار كېپەن.“

كېپىنەكنىڭ قاتتىق مۇشت تەگدى چىشىغا،
مېڭىپ كەتتى چۇمۇلە ئۆز ئىشىغا.

ئۇزۇن يازلار تۆكەپ كەچكۈز كەپقالدى،
كوڭۈللۈك خوش چاغلار نەدە قەپقالدى.

كۆنگە نەچچە ۋاخ ئوزگىرىپ ھاۋا،
بەزىدە ئېچىلسا، تۇتۇلۇپ يانا.

بۇلۇتلار گۈلدۈرلەپ چاقتى چاقماقلار،
ياغاتتى يامغۇرلار، يولدا پاتقاقلار.

ئۇزۇلگەن بەرگىدىن ياپراق ساپىغى،
تۇرۇلگەن غەسلىكتە ئاسمان قاپىغى.

ئېچىلماي كېلەتتى ئۇچ كۈندىن بويان
گۈل-گىيا چېكەتتى سوغۇقتىن پىغان.

چۇمۇلە بىسىنەت ئويدە ياتاتتى،
خاتىرجەم ئۇيقۇدا، ھاردۇق ئالاتتى.

كېپىنەك بىچارە ئۇچۇشقا نى جان،
ھول بولۇپ يامغۇردا پەكىرى ئۇچقان.

ئەھۋال بەك خاراپ، بەكمۇ پەرىشان،
بولغانتى شۇ تاپتا نىم ئولۇك نىمجان.



AltunOq

لەۋ ـ لېۋىگە تەگمەي تىترەيتتى يىغلاپ،
دىدى ئۇ: "چۇمۇلەم، بۇرادەر ئەھباپ.

بىر كورگەن تونۇش، ئىككى كورگەن تۇققان،
تىلەپ كەلدىم سىزدىن پانا ۋە پىنھان."

ساھىپخان چۇمۇلە دىدى: كېپىنەك،
(كېپىنەككە يېيىپ شەپقەتتىن ئىتەك.)

مەرھابا سىزگە ـــ مېھمانىمىزغا،
مەرھەمەت قىلىڭ بۇ خانىمىزغا.

ئولتۇرغۇزدى تورگە يولەپ ئەپكىرىپ،
ئىززەت ۋە ئىكرامنى بىجا كەلتۇرۇپ.

كېپىنەك ئىسسىنىپ جان كىردى بولغاي،
مېھماندارلىقتىن شات بولدى بولغاي.

مىننەتدارلىقتىن نۇر تولدى كوزىگە،
ھاياجان بىلەن كىرىشتى سوزىگە:

"بۇنداق بولۇشىمنى مەن بىلمەپتىمەن،
ئاينىڭ ھەممىسىنى مەن ياز دەپتىمەن.

ئويۇن ـ تاماشا بولۇپتۇ بىلگىنىم،
يىغلاتتى ئاخىردا جايسىز كۈلگىنىم.

پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئەمدى مىلىڭ تووۋا،
ئەي دوستۇم تووۋامغا سەن ئۆزەڭ گوۋا.

جېنىمدەك بىلمەن ۋاختىنىڭ قەدرىنى،
قىش يېتىپ كەلمەستىن يازنىڭ قەدرىنى.

بەك نادان ئىكەنمەن ھەمدە ھاماقەت،
ئاڭلىمىدىم يازدا بەرسەڭ نەسىھەت.

بۇگۈن يۈرىگىمدىن قىلدىم ساڭا ئەھد،①
بىكار يۈرمەيمەن مەڭگۈگە مىن بەئد.②

قىش كېلىشتىن بۇرۇن يازنىڭ قەدرىن بىل،
قېرىلىقتىن بۇرۇن ياشلىق قەدرىن بىل.
ھاياتىڭ گوھەردۇر بىكار ئۆتكۈزمە،
پۇرسەت غەنىمەتتۇر قولدىن كەتكۈزمە.

1944 ـ يىل.

① ئەھد ــ ۋەدە.

② مىن بەئد ــ بۇنىڭدىن كېيىن.

زەيىندىن ساليوۋ

# هەپىرەڭ بىلەن يانتاق

بىر كۈنى ئىشقىۋاز شەپىشەك هەپىرەڭ،
يول سالدى جىلۋە قىپ ئوستەڭ بويىغا.
يولۇقتى ئۇنىڭغا يانتاقمۇ شۇ دەم،
مېڭىشتى ئىككىسى ئىشقى كويىدا.

”ئاشىق“لار مۇڭدۇشۇپ كەلدى ئوستەڭگە،
جاي ئېلىپ ئولتۇردى سۇنىڭ بويىدىن.
كوز تاشلاپ بىر نەپەس بىرسى بىرسىگە،
مۇهەببىتى ئاشتى ئوتلۇق كوڭلىدىن.

يانتاقجان باشلىدى سوزىنى ياساپ،
ئاشىقلىق بابىدىن قىلدى هىكايە.
ئاشىقلار نامىنى بىر-بىرلەپ ئاتاپ،
كوزىگە سالدى ئۇ غەمكىنلىك سايە.

"بىر سىكۇنت خىيالىم ئاجرىماس سىزدىن،
ئەجەپمۇ دەۋاسىز دەرتكە يولۇقتۇم.
تاپالماي سىز كەبى گۈلنى چىمەندىن،
ئارمان ئۇپقۇنىدا ھەر يان سوقۇلدۇم.

مەندە يوق ئۆزگىچە يامانلىق نىيەت،
تىلىگىم سىز بىلەن بىر تۇرمۇش قۇرۇش.
سىزنى دەپ قانچىلىك تارتسامۇ كۈلپەت،
قەلبىمدە ئىشقىڭىز يەنە ئۇرار جۇش..."

ھەپىرەڭ دەم ئۆتمەي كەلدى ئىندەككە،
بىر كۈلۈپ يانتاقتا ناز قىلىپ باقتى.
خۇمار كوزىنى ئويىنىتىپ بىر پەس،
"مەجنۇن" قەلبىگە ئوتلارنى ياقتى.

"بوپتۇلا، نىمە دەيتتىم نالە قىلدىڭىز،
سوزىڭىز قالمىسۇن ھەرگىزمۇ يەردە.
يالغان بولمىسۇن قىلغان ۋەدىمىز،
باشقىلار ئۇقمىسۇن قالسۇن مەشەدە..."

"ئاھ، جىنىم مېھرىڭىز كوڭلۇمنى ئېلىپ،
يورۇتتى قۇياشتەك غەمكىن دىلىمنى.

دىدى ئۇ، ــ ئىشەنمەيــمەن كوزلىرىمگە ھەم،
ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ تاپقىنىم سىزنى...“

ئىككىسى بىر نەپەس كەتتى خىيالغا،
ئوركەشلەپ ئېقىن سۇ نەغمە چالاتتى.
ھايت ـ ھۇيت دىگىچە پۈتۈشتىڭلىما؟!
دىگەندەك سۇزۇك سۇ شاۋقۇن سالاتتى.


ئەۋرىشىم تال كەبى مەھكەم چىرمىشىپ،
ھەپىرەڭ ياماشتى يانتاق بويىنغا.
ئالدىراپ ئېچىلغان ناينىاق ھەپىرەڭ،
كوپ ئوتمەي پۇلىشىپ قالدى دالدىدا.

ماختىنىپ يانتاقجان جار سېلىپ كوپكە:
”چاقىنلىق كېرەكتە“ دىدى ھەممىگە.
مېنىڭدەك ئەپلەشنى ئۇگەنمەي تۇرۇپ،
”ئاشىق“ دەپ چىقىــماڭلار ھەرگىز سەھنىــگە.

ماختانچاق يانتاقمۇ رەڭۋازلىق قىلىپ،
ئاخىرى دۇچكەلدى تۇيۇق كوچىغا.
ھەپىرەڭ ھالىنى كورگەن گۇللەرمۇ،
ئالدىراپ ئېسىلماس بولدى بويىنغا.

1954 ـ يىل سېنتەبىر، غۇلجا.

جاپپار ئەمەت ·



# تېرەك بىلەن سوگەت

قىزىدى چوڭ باغچىدا ماختاش-شىكايەت بىر كۈنى،
ئاڭلىناتتى پو تېرەكنىڭ بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئۈنى:
—ئاڭلا ھەممىڭ، مەن بۇ باغنىڭ باشلىغى، ئەڭ كاتتىسى،
بويلىرىم ئاسمان پەلەك، مەندىن تووۋەندۇر باشقىسى.
قامىتىم شۇنداق كېلىشكەن تۈپ-تۈزۈك ياپراقلىرىم،
يىلتىزىم چوڭقۇر مېنىڭكى، كەڭرىدۇر تۈپراقلىرىم.
بولمىسا سايەم ئەگەر ئوت-چوپ قۇرۇپ كەتمەسمىدى؟
تۇسمىسام مەن گەر شامالنى باققا خەۋپ يەتمەسمىدى؟


پو تېرەك مەغرۇرلىنىپ ماختاندى شۇنداق ناگىھان،
شاخلىرى پاخپايدى مەغرۇر، كېرىلىپ كەتتى شۇ ئان.

ئېگىلىپ قىلدى خوشامەت "راست" دېدى دوڭغاق سوگەت،
—باققا سىزدىن ئوزگىسى باشلىق بولالمايدۇ پەقەت!

قەددى ـ قامەت بابىدا كىم بار يەنە سىزدىن بولەك؟
بولمىسىڭىز سىز ئەگەردە كىم بولار بىزگە يولەك؟
بولمىسىمۇ مەن غېرىپنىڭ گۈل ـ چېچەك يا مۋىسى،
كىم قىلار يەكلەشكە جۈرئەت، تۇرسا سىزدەك ھامىسى!
يەرگە ئەگدى شاخلىرىنى، قىلدى تازىم شۇ ھامان،
تىز پۈكۈپ دوڭغاق سوگەت ئۆز دەردىنى قىلدى بايان:
ــ بىر كۈنى غەيۋەت قىلىپ دەيدۇ ئۈرۈك چېلىپ چاۋاك،
پو تېرەك ئۆزى يوغان بولغان بىلەن ئىچى كاۋاك.
يەنە دەيدۇ شاپتۇلا: بولغاچقا مۋەم بەك تولا،
خالىمايمەن بوي سوزۇپ ھىچ كىمدىيىشنى زادىلا.
ماختىنىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتقان بىلەن قاپاق تېرەك،
يوق ئوتۇن بولماقتىن ئۆزگە ئۇندا بىر خىسلەت بولەك.

ئاڭلىغاچ دوڭغاق سوگەتنىڭ سوزلىرىنى پو تېرەك،
غەزەپى قايناپ تېشىپ ھەم سوزدى بوي ئاسمان پەلەك.
”خەپ“ دىدى ئاچچىغلىنىپ، جامدەك ئېچىلدى كوزلىرى،
زەردىسىنى قاينىتىپ دوڭغاق سوگەتنىڭ سوزلىرى.
ــ قېنى مەن ھەممىڭنى بىردەك خانىۋەيران قىلمىسام،
كەستۈرۈپ ياغاچچىغا، ھەممىڭدە تاختاي تىلمىسام.
دەپ قەسەم قىلدى تېرەك، ئالماققا ئۈچ باغلاپ نىيەت،
كۈلدى قاقاقلاپ شۇ چاغدا شاتلىنىپ دوڭغاق سوگەت.

يوق دىمەك تۇرمۇشتا مۇنداق پو تېرەكتەك كاتتىنى،
كەسپى شۇ بىلمەيدۇ ھەرگىز لاپ ئۇرۇشتىن باشقىنى.
ھەيۋە قىلسا دەل-دەرەخلەرگە مۇشۇنداق پو تېرەك.
جان باقار دوڭغاق سوگەت، تىكلەپ خوشامەتتىن يولەك.





AltunOq

مەھەممەتجان سادىق

# سەكسەن ساپاق ۋە يوگۆمەچ

گۈزەل بىر يېزىنىڭ گۈلشىنىدە،
ئۆسەتتى بىر تۈپ سەكسەن ساپاق.
بولساڭ سەن ئەگەر سۆز ئۇستىسى
قېنى، گۈزەللىگىنى
تەسۋىرلەپ باق!...
بىراق، سۈرەتلەشتىن ئاجىز تىلىم،
گۈل شۇنچىلىك چىرايلىقكى
تويمايتتىم قاراپ.
ياپ-يېشىل يوپۇرماقلىق شاخ ئۈستىدە،
تۇراتتى بىر توپ يۇلتۇز —
ھۆكەر پارلاپ!...

ئاھ، ئاشۇ گۈزەل گۈل غولىغا،
يىلاندەك ئورۇلۇپ كىبلەر يوگۆمەچ.
گۈل تۇرار خەۋپتە قالغان گۈزەلدەك،

كۈن ئاستا ئولتۇرۇپ، كىرمەكتىدى كەچ...
كوڭۈللۈك ئەمگەكتىن يانغان ياش دىخان
كېلەتتى شۇنچىلىك خوش قىياپەتتە...
كوزلىرى چۈشكەندە سەكسەن ساپاققا،
تىكىلدى يوگۇمەچكە
غەزەپ ـ نەپرەتتە...
يىگىت يۈرىگىدە گۈلدۈرماما
گۈلدۈرلىدى، كوزلىرىدە چاقماق يېنىپ.
ئېتىلغان ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى ـ دە،
تاشلىۋەتتى يوگۇمەچنى يۇلۇپ ئېلىپ:
"بوغۇۋىدىڭ ئوتمۇشتە يوگۇشۇپ
ئومرىمىزنىڭ گۈللىرىگە خۇددى يىلاندەك!
بۈگۈن بىزنىڭ زامانىمىز!
سەكسەن ساپاق —
كوزىمىزنىڭ قارىسى
مەن كورىمەن ئۇنى جېنىمدەك!..."

گۈلشىنىدە يېزىنىڭ
ئوسمەكتە سەكسەن ساپاق،
كۈندىن ـ كۈنگە هوسنىگە تولۇپ.
سويگۈسىنى سۇ قىلىپ ئوستۈرمەكتە
ئازات دىخانلار
ئاڭا سادىق ئاشنا بولۇپ.

1957 ـ يىل ئاۋغۇست، كۇچار.

## سۇلتان ماخمۇت



# بۇلبۇل ناۋاسى

سۇرۇپ جۇتنى قىزىل بوران، قۇياش نۇرى چېچىلغاندا،
كۇلۇپ خۇشبۇي چېچىپ ئەترە، شەپەقرەڭ گۇل ئېچىلغاندا؛
بولۇپ گۇللەرگە پەرۋانە، گۇلىستان قوينىدا يايراپ،
غەزەللەر ئوقىدى بۇلبۇل خوشاللىق ئىلكىدە سايراپ.
ئۇنىڭ خۇش نەغمىسى قەندەك، خالايىق كوڭلىگە ياقتى،
قالىغاچلار ئۇسۇل ئويناپ قىلىپ پەرۋاز قانات قاقتى.
چىدالماي شۇم ھۇقۇش شۇندا، يامان ئەلپاز بىلەن ھۇۋلاپ،
قانات سىلكىپ، سېلىپ تەھدىت، دىدى بۇلبۇلغا چالۋاقاپ:
— كوتەردىڭ كوپ مەھەل چۇقان، نىمىشقا قىلچە ھارمايسەن،
نىمىشقا مەن يامان كورگەن قۇياشنى شۇنچە ماختايسەن؟!
چاڭىلداپ سايرىشىڭ تىنسۇن، جېنىم جاق تويدىغۇ سەندىن،
كوزۇمدىن يۇتمىسەڭ دەرھال كورىسەن كورگۇلۇك مەندىن!
ھۇقۇشنىڭ چەكچىيىپ قىلغان پوپۇزا، دوقىغا باقماي،
جاۋاپ بەردى شۇئان بۇلبۇل غەزەپلەر قەلبىگە پاتماي:
— بېرىپ تاڭ جىلۋىسى ئىلھام، باھار پەيزىگە كۇي قاتتىم،

قىزىل گۈلگە بولۇپ مەپتۇن غەزەل-ناخشامنى ياڭراتتىم.
يامان دەپ سوككىلى تاڭنى سېنىڭدەك مەن ئەمەس پەسكەش،
ئولۇپ كەتسەممۇ قىلمايمەن ئاۋازىمنى ساڭا تەڭكەش!
گۈزەل بوستان ئارا ئۇرغۇپ هامان مەردانە سايرايمەن،
قۇياشقا تەلپۈنۈپ مەڭگۈ ئۈنىڭ نۇرىدا يايرايمەن.
غەزەل-ناخشىلىرىم بولسۇن ساڭا خەنجەر، ئېتىلغان ئوق،
ئوزەڭ دەشتكە راۋان ئەيلە، قىزىل گۈلشەندە ھەققىڭ يوق!
ھۆقۇش كەسكىن جاۋاپ ئاڭلاپ، زوۋۋاندا تۇتۇلۇپ قالدى،
بەئەينى ئوغا ئىچكەندەك ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.
بۇزۇپ پەيلىنى شۇملۇقتا، جېنىنى ئۇ ئېلىپ قولغا،
سېلىشقا ئۇرۇنۇپ چاڭگال ئېتىلدى شۇندا بۇلبۇلغا.
چېچەن بۇلبۇل كېرىپ قەددىنى چېلىشقا تېزلا راسلاندى،
كۆرەشنىڭ چاقمىغى چاقتى، چېلىش مەيداندا باشلاندى.
بۇنى كورۇپ جەسۇر لاچىن گويا ئوقتەك ئۇچۇپ كەلدى،
كوزىدىن ئوت يېنىپ چوغدەك غەزەپكە لىق تولۇپ كەلدى.
ئۇرۇپ كوكسىدە شىددەتلىك ھۆقۇشنى ئەيلىدى تالقان،
چاۋاك چالدى چىمەن باغلار، كۈلۈپ كەتتى زېمىن-ئاسمان.
ئورۇن يوق باغدا ھۆقۇشقا! — دېدى لاچىن جاكا قىلدى،
راسا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل گۈلۈستاندا ناۋا قىلدى.

1977-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى.


AltunOq

## هوشۇر ئىبراھىم



# شاپتۇللار سۆھبىتى

بىر جۈپ شاپتۇل ئۇسۇپتۇ،
يول بويىدا — ئۆتەڭدە.
سايىداركەن ئادەملەر،
يازدا توختاپ ئۆتكەندە.
بىرى ياۋا — مېۋىسىز،
بىرى ئۇلاق — بولۇقكەن.
گەردەن چىنە — مېۋىسى،
تەمى قەنگە تولۇقكەن.
ئايلار ئۆتۈپ بىر كۈنى،
سۆزلىشىپتۇ ئىككىسى.
ئاڭلاپ قاپتۇ تۇۋىدە،
سايىدىغان بىر كىشى.
ياۋا شاپتۇل قىپتۇ سۆز:
— تەڭدىشىم يوق جاھاندا.
ئۇستۇم گويا چىناردەك،

بېشىم يەتتى ئاسمانغا.
سايەم تولۇق مېنىڭكى،
ھەممە ئادەم بەھرىمەن.
بويۇم تۈپ ـ تۈز ھەم سىلىق،
گۈزەللىكتە يەككىمەن.
سېنىڭ بېشىڭ پاقمۇاش،
بويۇڭ پاكار ھەم سېمىز.
شېخىڭ يەرگە ئېگىلگەن،
ئۇسەلمەستىن بەك ئېگىز.
شۇڭا كورمەي يىراقنى،
كوپنى بىلمەي قالىسەن.
نىمىشقىدۇ ھەرقاچان،
ماختاشنى سەن ئالىسەن؟!
ــ نىمە ھەددىم بۇرادەر، ـ
دەپتۇ يەنە بىرسىمۇ، ــ
ماختىنىشتىن نەھاجەت،
ئەللەر بىلىپ تۇرسىمۇ.
ئەلگە مېۋە بەرمەستىن،
ماختىنىشنى بىلىسەن.
ئېيتقىن دوستۇم، چىنارمۇ،
يا شاپتۇلمۇ، نىمىسەن؟
ــ بىلدىم، ئەمدى سىرىڭنى،

قىپسەن ماڭا ئۆچمەنلىك.
باشقىلارغا چىقىپسەن،
قىلىپ يەنە سوزمەنلىك!
سىنىڭ بىلەن بىر جايدا،
تۇرۇش ماڭا ئەپ ئەمەس.
كېتەي سەندىن يىراققا،
نىمە دەيسەن گەپ يىمەس؟
ھۇرپىيىپتۇ ئاچچىغلاپ،
ئىگىز بويلۇق شاپتۇلجان.
سوزنى ئاپتۇ سايىداپ —
تۇرغان ئادەم شۇ ھامان.
نىمانچىلا كورەڭلەپ،
ماختىنىسەن شاپتۇلجان؟
نەگە بارساڭ باراڭنى
كېرەك قىلماس ئەل ھامان.
سەنمۇ ئاشۇ دوستۇڭدەك،
مۇۋە بەرسەڭ بولمامدۇ؟
كەمتەر بولۇپ ئۆگەنسەڭ،
شېخىڭ گۇلگە تولمامدۇ؟
مۇۋە بەرمەي گىدىيىپ،
سولەت بىلەن ماختانما.
ئەدەپلىك بول، ئەقىل تاپ،

باراڭ بىلەن ئالدانما!
ئۈزۈن بويلۇق شاپتۇلجان،
قىزىرىپتۇ چېچەكتەك.
باغۋەن ئۈنى ئۇلايتۇ،
بوپتۇ مىۋە مۇشتۇمدەك.

ئۈزۈن ماختاش نەھاجەت،
ماختىسۇن ئەل-باشقىلار.
مىۋە بەرسەڭ ئەل ئۈچۈن،
سېنىڭ توھپەڭ شۇ بولار...




AltunOq

## مەمتىلى زۇنۇن



# بۇغداي بىلەن كوممە قوناق

مەغرۇرلىنىپ كوممە جان،
مازاق قىلدى بۇغداينى:
”مۇشەققەتتە ـ كۆلپەتتە
ئۆتكۈزىسەن ئۆن ئاينى.

چۈشكەن ھامان يەرگە سەن،
ئۈششۈك سېنى ئۇرايدۇ.
نەشتەر ئۇرۇپ قەھرىتان،
يىلىكىڭنى شورايدۇ.

باھار پەسلى بوراندا
بەل ـ قوۋۇرغاڭ قايرىلىپ،
ئۆلگۈرىسەن ئومىغا
تەڭ جېنىڭدىن ئايرىلىپ...“

بۇغداي دىدى: "شۇڭلاشقا
ئەل ئالدىدا ئېزىز مەن."
"گەپنى بولمە، قارىۋاي،
مەن سېنىڭدىن ئىگىز مەن!

تېنىم — تومۇر نەيزىدۇر،
قول - ياپرىغىم گاھ قىلىچ.
تاجى پوپۇك بېشىمدا،
ساقاللىرىم بەش غېرىچ.

كامالەتكە يېتىمەن
تۇت ئايدا — تېز سۈرئەتتە.
ئېزىز ئۇمرۇم ئۇتىدۇ
سالقىن يازدا — راھەتتە..."

بۇغداي دىدى: "سوزۇڭ راست،
ئىگىز، قاۋۇل، سېمىز سەن؛
ئويلاپ قارا، نىمىشقا
ئات - ئۇلاقتا بوغۇز سەن؟"

1981 - يىل 14 - سېنتەبىر، قەشقەر.

مىرزاھىد كېرىمى



# داغدا قالغان ھوپۇپۇپ

ياشاركەن ھوپۇپۇپ جاڭگال ئىچىدە،
يالغۇزلۇق تارتىپ ئۇ كۈندۈز-كېچىدە.

يالغاندىن تورەلگەچ تېنى قوتۇركەن،
نە تېنى قاراڭغۇ ئىچى قوتۇركەن.

تەتىللا تون بىلەن يېپىپ زاتىنى
كىيىپ تاز بېشىغا ئالتۇن تاجىنى؛

يالغان سوز ئاغزىغا كەلمىسە قايناپ،
ماختاركەن ئۆزىنى "خۇشبۇي" دەپ سايراپ.

راست گەپتىن قاچاركەن، تىترەپ تۇراركەن،
يالغانىنى راست قىلىپ قلتاق قوياركەن.

ئۇنىڭغا يولىماس ئىكەن باشقا قۇش،
شۇڭلاشقا ھېچكىمدىن بولماپتۇ ئۇ خوش.

دايىما ئويلاركەن بىر دوست تېپىشنى،
نام-ئابروي قازىنىپ چوڭ يەپ-ئىچىشنى.

تورغاينى ئۇچرۇپ دەپتۇ: ”چىۋەرسەن،
بىر كۈندە يەتتە قات كوككە يېتەرسەن.

سايرىساڭ تولىدۇ ئالەم ئۇنۇڭگە،
مەن ھەۋەس قىلىمەن خوشال كۈنۈڭگە.

دوست بولغىن مەن بىلەن تاجىمنى بېرەي،
مەن ئىچسەم سەن بىلەن گۈلباغدا ئىچەي.“

كوك تورغاي ئۇنىڭغا بېرىپتۇ جاۋاپ:
”سوزلىرىڭ يالغاندۇر ئېيتقان مۇشۇ تاپ.

بىر كۈندە مەن قانداق چىقاي ئاسمانغا؟
قانداقمۇ بۇ ئۇنۇم يەتسۇن جاھانغا؟

مەن كېرەك قىلمايمەن سېنىق تاجىڭنى،
بىلىمەن ئالدامچى كورەڭ ھالىڭنى.


Altun Oq

سىنى دوست تۇتمايمەن كەتكىن يىپپىشما!
نومۇستۇر، رام بولۇش سەندەك نىجىسقا...“

پۇر قىلىپ يىراققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ،
هوپۇپۇپ كاككۇكنى ئىزدەپ تېپىپتۇ.

تەتىللا تونىنىڭ قېقىپ پېشىنى
ئېگىپتۇ كاككۇكقا ئۇ تاز بېشىنى:

”سەن جىمى قۇشلارنىڭ دەناسى كاككۇك،
سەن ئاسمان-زىمىننىڭ رەناسى كاككۇك.

سەن بىلەن دوست بولسام كوڭلۇم ئېچىلغاي، —
دەپ سىنى يامانلاپ كەپتىكەن تورغاي؛

باغرىغا بىر تېپىپ هەيدىدىم ئۇنى،
دوست تۇتۇپ ئېيتاي دەپ كەلدىممەن شۇنى.

پەرىشتە ئويغىنار سايرىساڭ لەرزان،
ئاڭلىسا نىمجانلار تاپىدۇ دەرمان.

سەن ئۇچساڭ يېتەلمەس لاچىن ۋە شۇڭقار،
ئۇنىڭدىن گۇل كۇلۇپ تاڭدا ئېچىلار.

مەن بۇگۈن تونۇمنى ساڭا ياپاي دەپ،
كەلدىممەن ئالدىڭغا ھەمرا بولاي دەپ“.

دەپتۇ ئۇ ھوپۇپۇپ تەڭلەپ تونىنى؛
بىر قاراپ ئەپتىگە ئىلىپ بۇيىنى،

سەسكىنىپ غەزەپكە تولۇپتۇ كاككۇك،
تىرەكنىڭ ئۇچىغا قونۇپتۇ كاككۇك.

دەپتۇ ھەم: ”دوست تۇتماس سىنى بوز تورغاي،
تاشلىماس يامانلاپ مىنى بوز تورغاي.

ئىيتقىنىڭ تامامەن يالغان، راست ئەمەس،
قىلمايدۇ پەرىشتە ئۇنۇمگە ھەۋەس.

ئۇچۇشقا لاچىنغا يەتكىنىم يوقتۇر،
بەدبۇيسەن، يىنىڭدىن كەتكىنىم خوپتۇر.

بۇلبۇلدىن خۇش ئاۋاز قۇش يوق جاھاندا،
چىقمايدۇ بىر ھەمرا سەندەك يامانغا.

سىنى دوست تۇتمايمەن كەتكىن يىپىشما!
نومۇستۇر، رام بولۇش سەندەك نىجىسقا...“

كېتىپتۇ كاككۇكجان قاپتۇ ھوپۇپۇپ،
قىچىشىپ تاز بېشى قوسىغى كوپۇپ.

ھوپۇپۇپ تۇيدۇرماي بۇلبۇل قېشىغا—
كەپتۇ زەر تاجىنى كىيىپ بېشىغا.

"ئەسسالام بۇلبۇلجان قۇشلار شاھىسىز،
باغ ئەمەس جەننەتنىڭ نۇرلۇق ماھىسىز.

كەپتىكەن يېنىمغا كاككۇك ۋە تورغاي
دەپ: نىچۇن سەن تۇرساڭ بۇلبۇل سايرىغاي؟

يول كورسەت بۇلبۇلنى يوق قىلايلى بىز،
دېيىشتى ۋە يانا: بولغىن شاھىمىز...

دەرمەھەل ئۇلارنىڭ تىلىنى كەستىم،
كەلدىممەن سىزنى دەپ بەختىمگە يەتتىم.

ئاي، قۇياش ئۇستىدە نامىڭىز مەشھۇر،
قۇشلارنىڭ ئىچىدە سىز گۇزەل، مەغرۇر.

ياڭرىسا ئۇنىڭىز شېھىت تىرىلەر،
كۇندۇزگە ئايلىنار زۇلمەت كېچىلەر.

مەن ياخشى كورىمەن سىزنى ئەزەلدىن،
كەلدىممەن سالامغا يۇلتۇزچە يەردىن...“

دەپ قاقتى قاناتىن ھوپۇپۇپ شۇئان،
بۇلبۇل بىر سىلكىنىپ دىدى: ”شۇم چايان!

مەن قانداق شاھ بولاي تۇتى قۇش تۇرسا،
تەختىدە مۇشۇ دەم ئۇ خەندان ئۇرسا.

قانداقمۇ تىرىلگەي ئولۇك سايرىسام؟
قانداقمۇ تۇن-كۇندۇز بولار يايرىسام؟

ماختىدىڭ يالغاننى سېتىپ ئۇياتسىز،
قانچىلىك ئاشۇرۇپ سوكەرسەن ئارسىز!؟

قىلمىغىن كاككۇكقا، تورغايغا توھمەت،
چېقىمچى تاپالماس دۇنيادا ھورمەت.

سوزۇڭنىڭ بىرسىمۇ راست ئەمەس، يالغان!
لايىقتۇر سەن ئۇچۇن قاراڭغۇ زىندان.

ئاڭلىسا شاتۇتى دارغا ئاسقۇزار،
سېسىق-بۇس تېنىڭدىن ھەممە جان بىزار.



Altun Oq

سىنى دوست تۇتمايمەن كەتكىن، يىپپىشما!
نومۇستۇر، رام بولۇش سەندەك نىجىسقا...“

تۇگىمەي بۇلبۇلنىڭ سوزى پۇر قىلىپ،
ئۇچتى ئۇ هوپۇپۇپ جىنى شۇر قىلىپ.

بارمىدى شاتۇتى يىنىغا زىنهار،
كەززاپ، دەپ جازالاپ ئىشتىن قورقار.

هاياتتىن بىر لەززەت ئالالماي هامان،
قايغۇرار هوپۇپۇپ چىرايى سامان.


هوپۇپۇپ ياخشى، دەپ هىچكىممۇ باقماس،
قۇرۇق سوز هەرقاچان قۇلاققا ياقماس.

ئارىغا كىرەلمەي قالدى ئۇ داغدا،
قەستىگە يىتەلمەي قالدى ئۇ داغدا.

كەززاپلىق شۇم ئادەت ياماندىن ـ يامان،
يالغانچى دۇنيادا يالجىماس هامان.

1981 ـ يىل 29 ـ ئوكتەبىر.


## تۇرغان شاۋدۇن



# چاق بىلەن ئوق

ھارۋا ھامان غىچىلداپ ماڭار،
چاق بىلەن ئوق ئاستا پىچىرلار،
چاق ئېيتىدۇ: ”مېنىڭ كۈچـۈم كوپ،
مەن بولغاچقا ئارتىلىدۇ يۈك.
بارلىق يۈكنى مەن ئېپ بارىمەن،
ھارۋىكەشنىڭ چىندىن يارىمەن“.
ئوق ئېيتىدۇ: ”بولمىغاندا مەن،
چوگۈلەيسەن قانداقلارچە سەن؟
يۈك تارتىشتا رولىم چوڭ مېنىڭ،
ماختىنىشقا ھەققىڭ يوق سېنىڭ“.
شۇندا بويلا سۇندى ـ دە، بىردىن،
چىقىپ كەتتى چاق ئوز ئوقىدىن.
چاقتىن ئاجراپ يەرگە چۈشتى ئوق.
ئىككىلىسىنىڭ رولى بولدى يوق.

ئابدۇرۇسۇل ئۇمەر




# بورە بىلەن ئۆكۈز

ئىككى ئۆكۈز ئۆتۈپتىكەن ئىناق بولۇپ،
كەڭ يايلاقتا ئايرىلماستىن ياشايدىكەن.
قوي-يىلقىلار ئۆتسە يولدىن سالام بېرىپ،
بۇ قەدىناس ئىككى دوستنى قۇتلايدىكەن.
ئوزۇق ئىزلەپ بىر كەچقۇرۇن ئاچكوز بورە
چىققىنىدا، ئۆكۈزلەرنى قاپتۇ كورۈپ.
جاۋغىيىدىن ئېقىپ ئۇنىڭ شولگەيلىرى،
"قالتىس تائام تەييار ئىكەن" دەپتۇ كۈلۈپ.
چاڭ سېلىپتۇ ئۆكۈزلەرگە بورە بىردىن،
تىترەپتۇ تاغ ھۇلىغان شۇم ئاۋازىدىن.
ئۇ ئىككى دوست بوپتۇ شۇئان جەڭگە ھازىر،
قورقماپتۇ بۇ يىرتقۇچنىڭ ئەلپازىدىن.
قادالغاچقا كوكرىگىگە مۈڭگۈز زىختەك،
دات سېلىپتۇ، بورە ئارتقا چېكىنىپتۇ.
كوڭلىگە ئۇ، باشقا بىر خىل ئويىنى پۈكۈپ،

قورام تاشنىڭ ئارقىسىغا موكۇنۇپتۇ.
كوپ ئۆتمەستىن قاپتۇ كېلىپ تاش يېنىغا
ئوكۇزلەرنىڭ بىرى ئۇقماي ئوتلاپ يۈرۈپ.
ئاچكوز بورە يانداپ كېلىپ دەپتۇ ئاڭا:
”ئوكۇز دوستۇم، رەھىم كەلدى سېنى كورۇپ“.
قارىغىنا، ئەتراپىڭدا قالماپتۇ چوپ،
بۇ ئوتلاقمۇ توگمىشىپتۇ پايخان بولۇپ.
مەن ساڭا بىر يول كورستەي سالغىن قۇلاق،
يۈرمە ھەيران ئوزۇق ئىزلەپ سەرسان بولۇپ.
بەرمەكچى مەن، كونسەڭ ئەگەر شەرتىمگە سەن،
ئاۋۇ تاغنىڭ كەينىدە بىر يايلىغىم بار.
ئوت-چوپلىرى شۇنچىلىك مول، سۇيى شەرۋەت،
ئۇ تەرەپتە تۇرلۇك-تۇمەن بايلىغىم بار.
ئۇ يايلاقتا ھەمرايىڭنى قىلما شېرىك،
يايرا ئوزەڭ تەنها كېزىپ، سەيلە قىلىپ،
ئوزەڭ خان-ئوزەڭ بەگ بوپ سۇرگىن ئومۇر،
ئەمما بۇنى قالمىسۇن ئۇ دوستۇڭ بىلىپ.
ئاچ بورىنىڭ سوزلىرىگە مەپتۇن بولۇپ،
نادان ئوكۇز دەپتۇ شۇئان ئاڭا ”ماقۇل“.
تاشلاپتۇ ئوز دوستىنى ئۇ قوساقنى دەپ،
مېڭىپتۇ تاغ ئارقىسىغا قاراپ ئۇدۇل.
تېخى بەلدىن ئاشا-ئاشماي بورە كېلىپ

چاڭگال ساپتۇ ئۇ ئوكۇزگە زار قاخشتىپ.
پۇشايماننىڭ ۋاقتى ئوتكەن چاغدا ئوكۇز
قۇتقۇزالماي قاپتۇ جاننى توۋا ئېيتىپ.
"كۇچ بىرلىكتە" دىگەن ماقال قاپتۇ شۇندىن،
"ھەرقاچاندا بولۇنگەننى بورە يەيدۇ".
ساۋاق ئالغان ئوكۇزلەرنىڭ تەقدىرىدىن،
پىشقەدەملەر بىر نىمىنى بىلىپ دەيدۇ.



ئابدۇرېھىم ئىسمايىل

---



# چالما بىلەن يوپۇرماق

تېپىشىپتۇ بىر كۈنى،
چالما بىلەن يوپۇرماق.
سوھبەت قىپتۇ ئۇزئارا،
خېلى قىزغىن ۋە ئۇزاق.
دەپتۇ چالما ياپراققا:
"يۇرۇپ كەلدۇق يەككە بىز.
دوستانىلىق تۇرمۇشىنى
كەچۇرمىدۇق چەككە بىز.
بولماي كەلدى بىزلەردە،
تۇزۇك كۈچ ۋە چارە-دىت.
ئىلىنمىدۇق كوزلەرگە،
ئاجىزلىقتىن ھەر ۋاقىت.
بوزەك ئەتتى ئەجەپمۇ،
قار ۋە يامغۇر، بورانلار.
تارتىپ كەلدۇق ئۇلارنىڭ

دەستىدىن جىق زىيانلار.
بىرسى بىزنى خار كورسە
ئۈستىمىزدىن تۈكۈرۈپ.
بىرسى قىلدى قوپاللىق
ھەيدەپ سۈرۈپ-سۈپۈرۈپ.
ئوتتۇەرسەك شۇ پېتى
قاخشاۋېرەر جېنىمىز.
خاك-تۇپراققا بالدۇرراق
قېتىلغاي بۇ تېنىمىز.
كېلىپ يورۇق دۇنياغا،
خورلۇق تارتساق ياخشىمۇ؟
ئاجىزلىققا تەن بېرىپ
زورلۇق تارتساق ياخشىمۇ؟
تاپايلى تەڭ بۇنىڭغا،
بىرەر چارە ئامال بىز.
ئوتكۈزەيلى ھاياتنى،
بۇ ئارقىلىق خوشال بىز.
بۇ گەپ بىلەن يوپۇرماق،
ئوڭشاپتۇ سەل ئوزىنى.
تىترەك ئۇندە باشلاپتۇ
دىمەك بولغان سوزىنى:
”ئوبدان بولدى بۇرادەر

ئېيتقان سوزۈڭ سېنىڭكى.
ئارزۇيۇڭغا ئوخشايدۇ
ئارزۇيۇم ھەم مېنىڭكى.
مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى
بىز ئىككىمىز بىرلەشسەك.
ۋاپادارلىق، دوستلۇقتا
ئايرىلماستىن ئوتۇشسەك.
شۇ ۋاقىتتا ھىچبىر كۈچ
بىزلەرگە تەڭ كېلەلمەس.
يامغۇر، قار ۋە بورانمۇ
ھەرگىز بوزەك ئېتەلمەس".
"ئېيتتىڭ بەلەن چارىنى"
دەپتۇ چالما ياپراققا.
ئايلىنىپتۇ ئىككۈيلەن
يېقىن دوستقا — ئامراققا.

ئوتۇپ بىر كۈن ئارىدىن،
كوكنى بۇلۇت قاپلاپتۇ.
ئاتماق ئۇچۇن زىمىنگە
يامغۇردىن ئوق راسلاپتۇ.
بۇنى بايقاپ ياپراققا
دەپتۇ چالما: "ياردەم بەر!
ساقلاپ بالا — ئاپەتتىن




AltunOq

جىنىمغا بول ھوددىگەر".
"خاتىرجەم بول ئاغىنە!" —
دەپتۇ ياپراق قوزغۇلۇپ.
ۋە چالمىنىڭ ئۈستىگە
يېپىلىپتۇ دالدا بوپ.
باشلىنىپتۇ كوپ ئوتمەي
بۇلۇتلارنىڭ ھۇجۇمى.
يېغىپتۇ سان-ساناقسىز،
ئوق يامغۇرى-زۇلۇمى.
شارىلدىغان ئاۋازغا،
تولۇپتۇ كەڭ يەر-جاھان.
ھىچ نەرسىمۇ قالماپتۇ،
ۋۇجۇدى ھول بولمىغان.
داۋام قىپتۇ بۇ ئەھۋال،
ئۇزۇلمەي بىرەر سائەت.
لېكىن چالما ئورنىدا
كورۇپتۇ خېلى راھەت.
يامغۇر ھېرىپ نوۋەتنى
ئوتۇنۇپتۇ بورانغا.
بوران قىپتۇ تەرەددۇت
چاپقىلى ھەر تامانغا.
بۇنى كورۇپ چالمىغا
دەپتۇ شۇئان يوپۇرماق:

"ساقلا مېنى بوراندىن
تۇتۇش قىلىپ بۇرۇنراق".
"بۇنىڭ يولى ئۇڭايلا"
دەپتۇ چالما خوش بولۇپ.
يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە
جاي تۇتۇپتۇ يوتكۈلۈپ.
كەپتۇ بوران گۈكىرەپ،
بۇزۇپ يامان پەيلىنى.
تەبىەتكە تىنىمسىز
سىلىپ قاتتىق ھەيۋىنى...
لېكىن، ياپراق ئەكسىچە
قوزغالماپتۇ ئورنىدىن.
خاتىرجەملىك ئىلكىدە
مىننەتدار بوپ دوستىدىن.
ئاپەت تۈگەپ ئىككەيلەن،
تەبرىكلەپتۇ غەلبىنى.
قاپلاپ چەكسىز خوشاللىق،
چىن دوستانە قەلبىنى.
دەپتۇ ئۇلار سويۈنۈپ:
"يېڭىلمەسكەن ئىناقلىق.
ئۇتەيلى بىز ئايرىلماي
ياردەملىشىپ داۋاملىق".

1980 ـ يىلى ئىيۇن، يېڭىسار.


## ئابدۇكېرىم ئەخمەت



# تېرەك بىلەن جىگدە

دوڭغاق جىگدە سوز تاشلاپتۇ بىر كۈنى،
ھەرىلىنىپ يىقىتىلغان تېرەككە.
— شۇنچە ھەيۋەت، يوغان گەۋدەڭ-قامىتىڭ
ئىست-ئىست كەلمەپتۇغۇ كېرەككە؟
قېلىنلىغى ياپىرىغىڭدەك كېلىدۇ،
سېنى كېسىپ يەر چىشلەتكەن ھەرىنىڭ.
ۋا ئەجەبا، شۇنچە مەغرۇر، مۇستەھكەم،
تۇۋرۇگىدىڭ گويا ئاسمان قەھرىنىڭ.
تېرەك ئاچچىق ئەلەم بىلەن غەزەپتە
جاۋاپ بېرىپ سوز باشلاپتۇ جىگدىگە:
— ئەقلىڭ دوڭغاق راۋان ئەمەس ئوزەڭدەك،
يېتەلمەيسەن بىر ئىشلەرنىڭ تەكتىگە.
چۈنكى ئۇنىڭ قوش قولىغى ساپلانغان،
شاخلىرىمدىن كېسىۋالغان ساپ بىلەن.
ئوز شېخىمدىن ساپ بولمىسا ھەرىدە،
بولماس ئىدىم بوزەك مەن ھەر باپ بىلەن.

## ھاجى ئەخمەت



# چايان بىلەن پاقا

بولدى ماۋزۇ بۇ ھىكايەتكە چايان،
ئەھلى ئىنسانغا ئۇنىڭ پەيلى ئايان.
ئۇغا بىرلە سۇغۇرۇلغان نەيزىسى،
بارچىگە يەتكەي ئازارى-زەربىسى.
ئاتلىنىپ بىر كۈن سەپەرگە يۇردى ئۇ،
ئالدىدا چوڭ بىر ئېقىننى كوردى ئۇ.
سۇ بويىدا چار پاقا يۇرگەن ئىدى،
يالۋۇرۇپ چايان ئاڭا مۇنداق دىدى:
— شۇ ئېقىندىن ئوتكۇزۇپ قويغىن مىنى،
تەلىۋىڭگە يەتكۇزەي دوستۇم، سىنى!
پاقىدىن پىنھان تۇتۇپ شۇم پەيلىنى،
رام قىلىپ ئالدى ئوزىگە مەيلىنى.
چار پاقا ئېيتتى: ”بۇرادەر غەم يىمە،
مەيلى، دۇمبەم سەن ئۇچۇن بولسۇن كىمە“.
يەلكىسىگە پاقىنىڭ مىندى چايان،


AltunOq

سۇ ئۈزۈپ كەتتى پاقا قىرغاق تامان.
شاقىرايتتى جۇش ئۇرۇپ سۇرلۇك ئېقىن،
قارشى ساھىلغا ئۇلار قالدى يېقىن.
شۇندا قەست ئەيلەپ چايان ئۆز "دوستى"غا،
نەيزىسىنى ئۇردى قايرىپ پوستىغا.
نەيزە ئاۋازىن پاقا ئاڭلاپ ئېنىق،
— ئەي بۇرادەر، — دىدى، — بۇ قانداق قىلىق؟!
— رەنجىمە دوستۇم، — دىدى شۇندا چايان، —
(ئەتتى ئىزھار مۇددىئاسىنى ئايان)
نە قىلايمەن پۈتتى سەۋرى-تاقىتىم،
بولما ھەيران، بۇ — ھۈنەر-كەسپ، ئادىتىم!...
ئۈندىمەي سۈردى پاقا بىر پەس خىيال،
قۇتۇلۇشقا "دوستى" دىن ئىزدەپ ئامال.
بىر قارارنى كوڭلىگە چىڭ پۈكتى ئۇ،
ئاستا-ئاستا سۇ ئىچىگە چوكتى ئۇ.
— ئاھ! — دىدى زارلاپ چايان، — بۇ نە قىلىق؟!
سۇغا چۈشسەم ئۆلمىكىم روشەن-ئېنىق!
ئۆز تىلىدا ناخشا ئېيتىپ-كۈكىراپ،
چارپاقا بەردى ئاڭا مۇنداق جاۋاپ:
— غەيرى ئىشمەس سۇغا چوككەن ھالىتىم،
بۇ — مېنىڭمۇ ئۆز خۇيۇم، كەسپ-ئادىتىم!...

چارپاقا چوكتى نىجاتلىق نەھرىگە،
يۇتتى دولقۇن شۇم چايانىنى قەھرىگە.

1981 ـ يىل، قەشقەر.

# كۆچ ــ بىرلىكتە

بالىلىقتا ئاڭلىغانتىم بىر مەسەل،
تامار ئىدى مەنىسىدىن بال ـ ھەسەل.
ئەمدى دوستلار، ئۇنى سىزگە سوزلىدىم،
ئىبرەت قىلىش مەقسىدىنى كوزلىدىم.

**1**

بىر زامانلار چوڭ ئېقىننىڭ بويىدا،
يايلاق ئارا تىرىكچىلىك كويىدا؛
ياشايدىكەن ئوچكە ـ ئوغلاق، قوي ـ قوزا،
سۇزۇك سۇ ھەم يۇمران چوپنى قىپ غىزا.
كاداڭ سەركە پادىلارغا باش ئىكەن،
يايلاق چېتى قاقاس تاغۇ ـ تاش ئىكەن.
ئاشۇ ئىگىز تاغنىڭ ئارقا تامانى،
ئىكەن ئاچكوز چىلبورىنىڭ ماكانى.

قاغش تەككەچ ئەجدادىدىن نەسلىگە،
ئارام يوقكەن زادى تويماس نەپسىگە.
قارنى ئېچىپ ئۇلەر ھالغا كەپتۇ ئۇ،
ئۆزى تۇققان كۈچىگىنى يەپتۇ ئۇ.
سەي بولماپتۇ لېكىن يىگەن ئۆزىغى،
ھايال ئۆتمەي ئېچىپ يەنە قوسىغى.
ئەجەل قولى ھەلقۇمىدىن سىقىپتۇ،
مىڭ جاپادا تاغ ئۈستىگە چىقىپتۇ.
يېڭى دۇنيا ئېچىلىپتۇ ئالدىدا،
جەننەت مىسال گۈزەل يايلاق، كەڭ ۋادا —
بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق ئەل ئىكەن،
ھايات ئۇچۇن ھەممە نەرسە تەل ئىكەن.
چىلبورىنىڭ ئىككى كوزى قىزىرىپ،
بۇ كورگىنى نىجات يولى سېزىلىپ؛
شۇم نىيەتتە قەدەم قويۇپ ئالدىغا،
ئىلگىرلەپتۇ موكۇپ پىنھان ـ دالدىغا...
كورۇپ تەنھا ئوتلاۋاتقان قوزىنى،
ئوت ـ چوپ ئارا يوشۇرۇپتۇ ئوزىنى.
بولغاچ قوزا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز،
يۇرۇپ غەپلەت قۇچىغىدا ئىرەنسىز.
چۇشۇپ قاپتۇ دۇشمىنىنىڭ دامىغا،
يەم بولۇپتۇ چىلبورىنىڭ قارنىغا...

## 2

بۇ تەلەيدىن بورى ھەيران ـ ھەس بولۇپ،
شىرىن تائام لەززىتىدىن مەس بولۇپ؛
رىزقى ئۈچۈن مىڭ رەت "شۈكرى!" دەپتۇ ئۇ،
قارنى تويۇپ، مادارىغا كەپتۇ ئۇ.
يېڭى ئامەت چولغاپ كۆڭۈل مەيلىنى،
ئاشكار قىلىپ مۇتىھەملىك پەيلىنى؛
چۆراپ قوپۇپ پانا جايدىن ـــ دالدىدىن،
چىقىپ كەپتۇ قوي ـ ئۆچكىلەر ئالدىدىن.
يايلاق ئەھلى چۆش كورگەندەك شۇ پەيتتە،
قاراپ قاپتۇ يات مەخلۇققا ھەيرەتتە.
ياغار ئىكەن شۇملۇق ئۇنىڭ ئەپتىدىن،
خۇنىنىڭ ھىدى بىقسىپ نەپەس تەپتىدىن.
چاقنايدىكەن تولۇپ كوزى لىق قانغا،
چىش ھىڭگايتىپ قارايدىكەن ھەر يانغا.
يېقىن يەردە كورۇپ يېتىم قوزىنى،
باشقىلارغا تونۇتۇشچۇن ئۆزىنى
تۇتۇۋاپتۇ ئونى شۇئان "كاپ" قىلىپ،
يەۋېتىپتۇ بىرلا يالماپ "ھاپ" قىلىپ...
يايلاق ئەھلى ئەزرائىلنى كورگەندەك،

بوغمىنغا جاللات پىچاق سۇرگەندەك؛
دىر-دىر قىلىپ تىترىشىپتۇ قورقۇشتىن،
ئازلا قېلىپ ئايرىلغىلى ئەس-ھۇشتىن.
قېرى سەركە يات مەخلۇقنى ئۇلۇقلاپ،
تازىم بىلەن سوز باشلاپتۇ دۇدۇقلاپ:
— ئەي ھورمەتلىك خۇش كېلىپلا، مەرھابا،
ئوزلىرىدە نىمە ئىرور مۇددىئا؟...
ئويىمىزگە قەدەم تەشرىپ ئەتسىلە،
بىرنەچچە كۈن مېھمان بولۇپ كەتسىلە!
بورى بىلىپ بۇندىن ئىشنىڭ سىرىنى،
سېلىپ قويماي سەركىگە كوز قىرىنى؛
بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھۇلاپتۇ،
سەركىۋايغا غەزەپلىنىپ تووۋلاپتۇ:
— بېقىپ سوزلە ئاغزىڭغا ئەي ساقاللىق،
بۇ نىمانچە بىھورمەتلىك، قوپاللىق؟!
ئۇلۇغلارنىڭ بىلسەڭ نەسىل-زاتىمەن،
يەر يۈزىنىڭ ساخاۋەتلىك شاھىمەن.
جان تەسەددۇق قىلىشمىساڭ يولۇمدا،
ئاگاھ بولۇش، جېنىڭ مېنىڭ قولۇمدا!...
شۇنى ئېيتىپ بورى تاققا يول ئاپتۇ،
قوي-ئوچكىلەر ئويلىرىگە تاراپتۇ.
تەشۋىش چېكىپ ياتالماپتۇ ھىچبىرى،

نە ئۈيقۇغا ئىلىنماپتۇ كوز قىرى.
توپلىنىپتۇ بىر ئورۇنغا ئاقىۋەت،
سەركىۋايدىن كۈتۈپ ئەقىل مەسلىھەت.
دەپتۇ سەركە: "بىزگە قىسمەت شۇ ئىكەن،
ئەزەلدىنلا پىشانىمىز شور ئىكەن!
قۇتۇلماققا بۇ زۇلۇمدىن نە ئامال،
بارمۇ شاھقا تەڭ كېلىشكە كۈچ-ماجال؟!
تېپىش ئۈچۈن ئۇمرىمىزگە كاپالەت،
تىلەيلى بىز ئۇندىن رەھىم-شاپائەت...
دەپتۇ قوشقار بولۇپ ئۇنىڭ سوزىنى:
—ئاقىل مۇنداق خار قىلمايدۇ ئوزىنى.
قەدىم چاغدىن بىر قانۇن بار بۇ ئەلدە،
ئوزىمىزگە ئوزىمىز شاھ بۇ ئەلدە.
كۇرەش قىلماي باش ئەگەمدۇق زورلۇققا،
تېگەمدۇق ئەركىنلىكنى قۇللۇققا؟!
يات مەخلۇقنىڭ ئەدىۋىنى بېرەيلى،
ئارىمىزدىن ئۇنى قوغلاپ-سۇرەيلى!
بەزىلەرگە بۇ گەپ تازا ياراپتۇ،
قىسمەنلىرى ئاڭا قورقۇپ قاراپتۇ.
بىر پىكىرگە كېلەلمەي باش قېتىپتۇ،
مەجلىس ئەھلى بىر-بىر تاراپ كېتىپتۇ.

## 3

ئالاكوڭۇل بىرنەچچىسى باش قوشۇپ،
تاڭ ئاتقىچە ئۆيمۇ ـ ئۆيگە گەپ توشۇپ؛
سەركىۋاينىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپتۇ،
شۇملۇق بىلەن مەخپى پىلان قۇرۇپتۇ.
ئىت يۈرەكلەر ئۆزىنى باتۇر چاغلىشىپ،
ئۇخلاۋاتقان قوشقارنى چىڭ باغلىشىپ؛
سورەپ بېرىپ ”شاھ“ ئالدىغا تاشلاپتۇ،
ئەرز ئېيتىپ كوزلىرىنى ياشلاپتۇ:
”يۇرت بۇزارنى تۇتۇپ كەلدۇق، شاھىمىز،
سىزدىن شەپقەت كۇتۇپ كەلدۇق، شاھىمىز...“
”شاھ“ كوڭلىگە بۇ ئىش راسا يېقىپتۇ،
چۈنكى ئۆيى كۇتكەن يەردىن چىقىپتۇ.
يەتكەن ئىكەن باتۇرىنىڭ قازاسى،
ئەمدى ئاسان باشقىلارنىڭ جازاسى!...
شۇ پىكرىدىن ”شاھ“ زەھەرلىك ھىجىيىپ،
دەپتۇ غالىپ پەھلىۋاندەك گىدىيىپ:
ـــ گۇناھكارنى تارتاي ئۆزەم جازاغا،
(ياراپ قالار بەلكى بىر ۋاخ غىزاغا!)
خىزمىتىڭلار بولدى مەقبۇل ھازىرغا،

كۆندە ئۈچ رەت كېلىپ تۈرۈش تازىمغا.
ھەر قېتىمدا شۇنداق غىزا كۆتىمەن،
شۇ چاغدىلا گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن!
سەركىۋايلار باش ئېگىپتۇ "قۇللۇق" دەپ،
"ئۇلۇغ شاھىم، پەرمانىڭىز يوللۇق" دەپ...
شۇندىن باشلاپ ھەركۈنى ئۈچ قوي-قوزا،
بولۇپتۇ شۇم چىلبۆرىگە يەم-غىزا.

4

شۇ تەخلىتتە ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ،
قوي-قوزىلار زاتى قۇرۇپ كېتىپتۇ.
ياۋۇز بورى جاننى ئالغاچ قورقۇتۇپ،
سەركىۋايلار ئەس-ھۇشىنى يوقۇتۇپ؛
پەريات ئۇرۇپ كوزلىرىنى ياشلاپتۇ،
ئۆلمەي تۇرۇپ ھازا-ماتەم باشلاپتۇ.
ئۆز قەۋمىنى قىلىپ بەرگەچ قۇربانلىق،
ئۇكۇنۇپتۇ قىلغىنىغا نادانلىق.
ئەسىر قىلغاچ غاپىللىقنىڭ كۆلپىتى،
شورلۇق قوي ھەم قوزىلارنىڭ قىسمىتى.
ئۆز بېشىغا كېلىشىنى كۆتمىگەن،
"كۆچ — بىرلىكتە" دىگەن سوزگە پۇتمىگەن...

يىغماي دىسە كېيىن ھەسرەت يېمىشى،
بۇ ساۋاقنى ئەستە تۇتقاي ھەر كىشى.

1981 ـ يىل، قەشقەر.



## تۇرسۇنئاي ھۇسيىن



# قالدىغاچ بىلەن يىلان

قىش كېتىپ، كەلدى چىرايلىق ئەتىياز،
گۈل-گىيا، بەرگى قىياقلار قىلدى ناز.
يەردە سۇ، ئاسماندا تورغاي ئېيتتى كۈي،
شوخ سابا تارقاتتى ھەر يان ئەترە بۇي.
تالۇ-مەجنۇنلار، سوگەتلەر سالدى چاچ،
كەلدى ئىسسىق ئولكىدىن جۈپ قالدىغاچ.
دوڭدىكى ئاپپاق تېرەكنىڭ ئالدىدا،
يار بېشىدا بەك قولاي بىر دالدىدا،
قالدىغاچ ئوبدان تۈزەپتۇ چاڭگىنى،
پەي ۋە ئوت-چوپتە بىزەپتۇ چالمىنى.
ئۇۋىدا بىر جۈپ ۋاپادار قالدىغاچ،
گايى قارنى توق بولاركەن، گايى ئاچ.
شۇندىمۇ خۇشۋاق ياشاپتۇ ئوم-ئىناق،
يە ئۇرۇشماي، يە تالاشماي، ئىتتىپاق.
بىر كۈنى چۈشتە چىرايلىق مەشۇغى،

ئاشىغقا بىر قاراپ دەپتۇ شۇنى:
"ئامىرىسقىم، بەكمۇ يېقىندۇر ئاي، كۈنۈم،
ئەمما ئىچىدە ئۇيقۇسىز ئۆتتى تۈنۈم.
قۇشچىلار چىقسا تۇخۇملاردىن بۇ رەت،
شۇم يىلان كوزنى يەنە ئەيلەپ غەلەت،
بالىجانلارنى چېقىپ ئەپ قاچمىسۇن،
ئۇ بالاخور قارنىغا يەپ قاچمىسۇن.
توت تامانىنى تەكشۈرۈپ ئوبدان قاراڭ،
شاتلىنىپ بۇلتۇرقىدەك بولىماي گاراڭ.
گەر خەتەر بولسا ئويۇم يوتكەپ كېتەي،
بىر خەۋپسىز جايغا مەن دەرھال يېتەي".
ئاشىغى شۇدەم ئۇچۇپتۇ ھەر قايان.
مەشۇغى ھەمدەم بولۇپتۇ يانمۇ-يان.
بۇ ئىگىز يارلىقنى ئوبدان ئاختۇرۇپ،
قاپتۇ بەك خوشنا-خولۇمنى ياقتۇرۇپ.
كۈن چىقىش ياقتا بولۇپ سانسىز كامار،
قالىغاچ، قۇشقاچ ئويى باركەن قاتار.
مەلىدە قايىنار ئىكەن قوۋناق ھايات،
ئوم-ئىناق ئوينار ئىكەن ئۇچار قانات.
ئاشىغى دەپتۇ: "جېنىم، باسقىن تۇخۇم،
بايقىسام ئوبدان ئىكەن خوشنا-خولۇم.
بىر بالا چىقسا ئەگەر تۇرماس قاراپ،

بىزنى خەۋپتە قالدۇرۇپ كەتمەس تاراپ.
نېرىدىن تۇققان كېلىپ ئەسقاتـقىچە،
ھەم ساقا ھەمدەم بولۇپ جان قاتقىچە،
خوشنىلار دەرھال بولار جانىغا ئارام،
بولمىغاي قانۇ ـ قېرىنداشتىنمۇ كام.“
مەشۇغى دەپتۇ: ”جېنىم، شۇنداق قىلاي،
سوزلىرىڭنى ئاڭلىماي قانداق قىـلاي.
ماڭمۇ مۇنداق ماكان قالدى ياراپ،
تۇرمىغاندۇ شۇم يىلان مۇنـدا ماراپ.
مەن باساي مۇندا تۇخۇم ئەۋەلقىـدەك،
بالىجان كورگۇم كېلەر سەندىنمۇ بەك.
مەن ئۇلارنى ئاززۇلاپ باغرىم ياقاي،
پەي ـ قاناتىنى تاراپ ئوبدان باقاي.
قىش يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ بولسۇن ئۇچۇم،
كەتمىگەي شۇندا مېنىڭ بوشـقا كۇچۇم.
سەيلە قىپ كوكتە ئۇلار ئۇچسا كورەي،
ئەل ئارا كوكرەك كېرىپ مەنمۇ يۇرەي“.
شۇنى دەپ تۇغدى تۇخۇم، باستى ئۇنى،
پەرۋىش ئەيلەپ باغرىدا كۇندۇز ـ تۇنى.
ئاشىغى ھەر كۇنلۇگى ئەپ كەلدى يەم،
تۇمشۇغى بىرلە توشۇيتتى سۇمۇ ھەم.
مەشۇغى مۇنـداق دىدى بىركۇن خوشال:


Altun Oq

"بالىجان چىقتى، قاراڭ، تاشلاپ شاكال،
ئاز ئوتۇپ پەي ۋە قانات چىققاي گۈزەل،
كوك ئارا ئۇچقاي تازا ئىيتىپ غەزەل."
ئاشىغى ئۇچتى خوشال، مەشۇقمۇ ھەم،
بىر نەپەس ئالماي ئارام ئەپكەلدى يەم.

❖ ❖ ❖

بار ئىدى بۇ چەتتە بىر تاقىر ئېدىر،
يە گىيا، يە جانىۋار قىلـماس مىدىر.
نە ئۇچۇنكى ئوت ـ گىيا ئۇنمەس ئىدى،
قۇش ـ قۇرۇت يە جانـۋار كونمەس ئىدى.
شۇ ئېدىرنىڭ باغرىدا تاش بار ئىدى،
ئاشۇ تاشنىڭ ئارقىسى بىر غار ئىدى.
غار ئىچىدە بار ئىدى ياۋۇز يىلان،
كوڭلىدە قۇرماقتىدى نۇرغۇن پىلان:
"ئاشۇ يارنىڭ باغرىدا سانـسىز كامار،
ھە، ئۇنى قىلغان ماكان جان ـ جانـۋار.
ھەممىسىنىڭ چىشىسى باستى تۇخۇم،
مەن ئۇلارغا يىگۈزەي زەھەر ـ زوقۇم.
خېلى بولدى كورمىدىم تۇزۇك غىزا،
ئىچ ـ ئىچىم ئاغۇ بىلەن توشـتى تازا.
بۇ ئېدىرنىڭ ئوڭ ـ سولـىن چىقتىم كېزىـپ،
قۇش ـ قۇرۇت كەتـكەن ئىكەن مۇنـدىن تېزىپ.


ئۇچرىغاننى ئۆلتۈرۈپ بولـدۇم چىقىپ،
قالغىنى كەتتى تاراپ قورقۇپ قېچىپ.
مەن ئۆزەم باتۇر نىمە قورقماس يۈرەك،
ھەممىسى نىمجان ئۆلۈك مەنىدىن بولەك.
يار بېشىغا بىر بېرىپ سويلاپ باقاي.
قۇش-قۇرۇتنى مەن تېپىپ ئوبدان چاقاي.
بىر تۇخۇمنى قالدۇرۇپ قويماي يۇتاي،
ھاۋىدا ئۇچقاننى دەم تارتىپ تۇتاي.
كىم ئۇنى ئۇچسۇن دىگەن پەرۋاز قىلىپ،
ئۇ ئۇچارمۇ مەن يىلان يەردە قېلىپ.
ھەممىسى كورسە مېنى دىر تىترىسۇن،
بۇ ماكاننى قالدۇروپ تېز پىترىسۇن“
دەپ يىلان يول سالدى تېز تىك يار تامان،
قارنىدا يۈزلەپ چايان قاتراپ ھامان.
گۈل-گىيا كورگەچ ئۇنى پىشكەل بولۇپ،
پۇت-قولىغا يامىشىپ ئىشكەل بولۇپ،
شوخ شامالغا شۇ ھامان قىلدى خەۋەر:
”يار بېشىغا يەتكۈزۈڭ، كەلدى خەتەر.
ھەممىسى تۇرسۇن بۇگۈن تەييار بولۇپ،
بىر بىرى بىرلە قېرىنىداش، يار بولۇپ.
بۇ تەرەپكە كەلدى شۇم، ھەييار يىلان،
قوسغىغا ھەم پۈكۈپ مەككار پىلان.

ئۇ تىرىك بولسا ئاراملىق يوق ئىكەن،
ئۇ تىرىك جانغا قادالغان ئوق ئىكەن.
ئۇ ياۋۇزغا بەرگۈلۈك ئادىل جازا،
شۇندىلا ھەر بىر كوڭۇل كۆلىگەي تازا.»
شوخ شامال ئاڭلاپ بۇنى كەتتى ئۇچۇپ،
يار بېشىغا شۇ ھامان يەتتى ئۇچۇپ.
ئاڭلىغاننى بارچىغا قىلدى خەۋەر:
«تېز بولۇڭلار، بۇ تامان كەلدى خەتەر.
يار بېشىغا يامىشىپ ھەييار يىلان،
جان-جېنىڭنى ئالغىلى تەييار يىلان.
جان قېرىنداشلار، قىلىڭ تېزرەك ئامال»
دەپ خەۋەرنى تارقىتىپ كەتتى شامال.
قالىغاچنىڭ مەشۇغى ئاڭلاپ بۇنى
ماغدۇرى كەتتى، ئۇنىڭ چىقماي ئۈنى
ئۇ دىدى: «بولدى بۇگۈن ھەرنە كورەي،
باللىرىمنى تاشلىماي بىللە ئولەي.»
ئاشىغى كوكتە ئۇچۇپ قىلدى نىدا،
مەلىنى بىر ئالدى بۇ كۆچلۈك سادا.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىشىپ قۇشلار شۇئان،
قۇردى يىلاننى يوقاتماققا پىلان.
چوڭ-كىچىك قىلماق بولۇپ بىردەك ھۇجۇم،
«نەدە، — دەپ سالدى نەزەر، — ھەييار ئۇ شۇم.»

شۇ مەھەل چىقتى يىلان كۈش-كۈش قىلىپ.
ھىچ چىقالماي ئۆۋىغا پۈش-پۈش قىلىپ.
بارچە قۇشلار جەم بولۇپ، ئوقتەك ئۇچۇپ.
گايى ئىگىز، گايى بولسا پەس ئۇچۇپ.
ھەممىسى بىردەك كېلىپ بىردىن چوقۇپ،
شۇم يىلانغا تاشلىنىپ بىردەك نوقۇپ.
تويغۇزۇشتى ئۇ ياۋۇزنى جېنىدىن،
يەر بويالدى ئۇ زەھەرنىڭ قېنىدىن.
بىرسى چىشلەپ قۇيرۇغىدىن "شاق" قىلىپ،
كوككە ئورلەپ يەرگە ئاتتى "ۋاق" قىلىپ.
بۇ ئويۇننى ئوينىشىشتى نەچچە رەت،
قىيما-چىيما بولدى يىلان ئاقىۋەت.
ئۇ چۇمۇلە قەۋمىگە بولدى غىزا،
بۇ زىياپەت ئەھلىنى قىلدى رىزا.
بارچە قۇش ئوخچۇپ ھاۋادا يايرىدى،
ھەممىسى ئېيتىپ غەزەل شوخ سايرىدى.
كوكتە پەرۋاز ئەيلىدى جۇپ قالىغاچ،
ئەلنى مەپتۇن ئەيلىدى زەپ سايرىغاچ.




AltunOq



# قۇشلار بەزمىسى

يېشىل كىمخاپ لىباس كىيگەن باغ ۋە دالا،
تاۋلىناتتى زۇمرەت كەبى تىنىق ساما.
شوخ دولقۇنلاپ قەدىم دەريا شاقىرايتتى،
سۇ ئۈستىدە قۇياش نۇرى پاقىرايتتى.
كېلىپ قۇشلار شۇ دەريانىڭ ساھىلىگە،
ئوتكۈزۈشتى باھار پەيتى مەشرەپ-بەزمە.
يېتىپ كەلدى ئۆدەك-غازلار غاقىلدىشىپ،
قاغىلارمۇ قانات قاقتى قاقىلدىشىپ.
گۈگۈلداشتى پاختەك-كەپتەر، كاككۇك سايراپ،
ئاققۇلارمۇ قانات كېرىپ ئۇچتى يايراپ.
پەۋەك تاشلاپ، تورغاي كوكتە پىلدىرلاشتى،
قالىغاچلار نەزمە ئېيتىپ ۋىچىرلاشتى.
بارچە ئىقلىم قۇشلىرى ئۆز تىلى بىلەن
سوزلىشەتتى، دوست بولۇپ پاك دىلى بىلەن.
ئولتۇراتتى سۇمرۇغ نەزەر تاشلاپ، كۈلۈپ.

ئۇچار قۇشلار كۆيلىرىگە مەپتۇن بولۇپ.
زەپ كوڭۈللۈك بولدى قۇشلارنىڭ بەزمىسى،
چىمەنلىكتە قىزىپ ئەجەپ شوخ نەزمىسى.
نۇر چاچاتتى كۆلۈپ قۇياش، بولۇپ شەيدا،
سايرار ئىدى زوق-شوق بىلەن بۇلبۇلگويا.
تەڭكەش بولۇپ ئورکەشلەيتتى سۈزۈك دەريا،
قۇلاق سالار ئىدى پۈتكۈل تاغۇ-قىيا...
سۇمرۇغ شاھنىڭ زىياپىتى باشلانغاندا،
ۋاھ! "تاماشا"، "كارامەت"لەر بولدى شۇندا.
قاغىۋايلار ئاشپەز ئىدى، ھۇقۇش قاسساپ،
داستانلارغا كەلتۈرۈشتى تاماق راسلاپ.
قاغا بىلەن ھۇقۇش ئاستا پىچىرلىشىپ،
كۈلۈشەتتى خۇپىيانە كوز بىقىشىپ:
"ھەننىۋاسى ئولسە ئەمدى بىز قالىمىز،
بۇ زىمىندە كەڭ-كۇشادە ساز چالىمىز..."
توساتتىنلا بوپ پاتپاراق، چىقتى ھازا،
يېتىپ كەلدى يۈزلەپ جانغا ماتەم-قازا.
زەھەر سالغان ئىكەن ئاشقا قاغا، ھۇقۇش،
يۈزلىگەن جان يېتىپ قالدى بولۇپ بىھۇش...
دەرغەزەپكە كەلدى شۇندا سۇمرۇغ شاھ،
قىلدى جاكا ھەر تەرەپكە تاشلاپ نىگاھ:
"قاغا بىلەن شۇم ھۇقۇشنى جازالايمىز!

مەجرۇھ بولغان يارەنلەرنى داۋالايمىز!“.
سۇمرۇغ تۇتۇپ قاغىۋاينى كوككە ئاتتى،
ھۇقۇش شۇندا پالاق-پۇلۇق قورقۇپ قاچتى.
سۇمرۇغ ئاتتى بىر تال تاشنى چەنلەپ تۇرۇپ،
ھۇقۇش كىردى تاركاماغا ئاھ-ۋاھ ئۇرۇپ.
تاش ئۇنىڭكى كوزلىرىنى قىلغاچ قان-قان،
قىزىل كوزلۇك ھۇقۇش بۇندا تۇردى پىنھان.
شۇندىن بۇيان كۇندۇزلىرى قورقۇپ چىقماس،
شۇ كاماردا ياتار دائىم ماراپ تىمتاس.
ئەمدى گەپنى ئاڭلايلى بىز قاغىۋايدىن،
(مۇللاق ئېتىپ چۇشكەن پېتى كەڭ سامادىن)؛
كىرىپ كەتتى ئاشخانىنىڭ مورىسىغا،
ملەندى ئۇ، مورىنىڭ ئىس-قارىسىغا.
ئاق تەلەتى بولدى قارا شۇندىن بۇيان،
ئۇنىڭ چىللاپ قىچقارغىنى قىش-زىمىستان.
شۇندىن بىرى باھار-يازدىن بىزارى ئۇ،
مۇز ۋە قارنىڭ، قەھرىتانىنىڭ خۇمارى ئۇ.
ئۇچار قۇشلار بولدى رازى سۇمرۇغ شاھتىن،
كۇي-نەزمىنى قىزىتىشتى قايتىۋاشتىن.
يىراقلارغا يەتتى ياڭراپ شوخ ناۋاسى،
زوقلاندۇرغاچ ھور گۇلشەنىنىڭ ساپ ھاۋاسى...

# خوراز بىلەن توز

بىر زاماندا خوراز ۋە توز دوست ئىدى،
بىللە ئويناپ كوڭلى بەكمۇ خوش ئىدى.
خورازۋاينىڭ تەققى-تۇرقى قاملاشقان،
كىيىمىمۇ چىرايىغا ماسلاشقان.
كۇنلەر ئوتۇپ ئوزگىرىپلا كەتتى توز،
قۇۋلۇق بىلەن خورازۋايغا قىلدى سوز:
"كىيىمىڭنى بىرىپ تۇرغىن ئاغىنە،
توي قىلماقچى بولغان ئىدىم مەن ئەتە.
يا سەھەردە، ياكى چۇشتە، يا كەچتە،
تاپشۇرىمەن ئوز قولۇڭغا ئەلۋەتتە!".
ئۇ، ئىككىسى تېگىشىشتى كىيىمنى،
گۇۋاچىمۇ قىلىشمىدى ھېچكىمنى.
ھارامزەدە توز قاچتى بەك يىراققا،
خوراز قالدى پۇتمەس دەرتكە — پىراققا.
شۇندىن بۇيان خوراز سەھەر، چۇش، كەچتە،
چىللايدىكەن يولغا قاراپ ھەسرەتتە:
"قى-قى-قى-قىق! كىيىمىمنى ئىلىپ كەل!
رەڭدار چاپان، كوينىگىمنى ئىلىپ كەل!..."


AltunOq

ياسىن موخپۇل



# دېخان، يىلان ۋە قالىغاچ

سەپەر قىپتۇ بىر دېخان يىگىت،
بارماق ئۇچۇن خوشنا شەھەرگە.
يول ئۈستىدە چۈشۈپتۇ كوزى،
غەيرى ئاۋاز چىققان ئورەككە.
ئورەكتە بىر يىلان بالىسى،
ئىگرار ئىكەن نالە-زار قىلىپ:
"قۇتۇلدۇرسا مېنى بىرەر كىم،
قەدىرلەيتتىم پاناھىم بىلىپ".
رەھمى كەپتۇ يىلانغا شۇ دەم،
يىگىت ئاڭلاپ ئۇنىڭ سوزىنى.
ئاستا ئېلىپ ئورەك ئىچىدىن،
قورۇق يەرگە قويۇپتۇ ئۇنى.
خىتاپ قىلىپ دەپتۇ يىلانغا:
"ئەي بىچارە، كۈن كورگىن ئامان!"
ئاشۇ سوزنى ئېيتىپ ئۇ يىگىت،

ئوز يولىغا بولۇپتۇ راۋان.
ئۆزۈن يىللار ئوتۇپ ئارىدىن،
ئوتكەن ئىكەن دىخان شۇ يولدىن.
يىپپىشىپتۇ پىشكەللىك ئاگا،
چىققىنىدەك توقماق تۇلۇمدىن.
سەسكىنىپتۇ دىخانىنىڭ تېنى،
بۇ مەخلۇقنىڭ سۇرلۇك ئەپتىدىن.
چوڭ يىلانىنى تونۇپ قاپتۇ ئۇ،
مېيىپ بولغان سىڭا كوزىدىن.
"ئۇنتۇلمايدۇ ياخشىلىق ھەرگىز،
قىممىتىنى تاپىدۇ ئەلدە.
ئۇنتۇمىغىن نەچچە يىل بۇرۇن،
ياتقىنىڭنى ئىڭراپ ئورەكتە.
قۇتۇلدۇردۇم شۇ چاغدا سىنى،
چىڭ ساقلىغان بولغىدىڭ ئەستە".
دىخان بىر چاغ ئېسىنى يىغىپ،
شۇ سوزلەرنى ئېيتىپتۇ تەستە.
"زەھەر سانچىش ئاتا كەسپىمدۇر، —
دەپتۇ يىلان سوزىنى ئۇزۇپ، —
مەندىن ھەرگىز ياخشىلىق كۇتمە،
بىلجىرلىما كەيپىمنى بۇزۇپ".
پۇشايماندا قاخشاپتۇ دىخان،

چىقىپ گويا تۇتۇن بىشىدىن.
كەپتۇ يىلان ئاغزىنى ئېچىپ،
يۇتماق بولۇپ دىخاننى بىردىن...
"ۋىچىر-ۋىچىر..." كەپتۇ قالىغاچ،
خەۋەر تاپقاندەكلا بۇ سىردىن:
"ھۇرپىيىشىنىڭ سەۋەبى نىمە،
ئېيتىڭلارچۇ كىم خاپا كىمدىن؟".
يىلان دەپتۇ: "نىمە قىلاتتىڭ،
شۇنچە سوراپ ئىشىنىڭ چېكىنى.
ئۇزۇمنى يىيىش كۇپايە،
سورىغىچە ئۇنىڭ تېكىنى".
قالىغاچقا قىپتۇ ياش دىخان،
ئۆتكەن ئىشنى بىر بىردىن بايان.
بوپتۇ شۇ چاغ ۋەقەنىڭ سىرى،
قالىغاچنىڭ كوڭلىگە ئايان.
سوز باشلاپتۇ قالىغاچ تەمكىن:
"ئىككىڭلارغا بولاي مەن قازى.
پىچىرلاپتۇ يىلانغا ئاستا، —
قورقما سېنى قىلىمەن رازى...
گۇنا سەندە ئىكەن ياش يىگىت،
شۇنداق بولسا ئىشنىڭ ئوتمۇشى.
دەرتلىرىڭگە بولالماس سايە،

كوزۇڭدىكى پۇشايمان يېشى.
زەھەر سانچار ھەمدە قان شورار،
ئىسمى ئۇنىڭ شۇڭلاشقا يىلان.
زەھەر سانچىپ يۇرمەمدۇ ئەنە،
كىچىككىنە جىنىدا چايان".
"راست ئېيتىسەن!" دەپتۇ خۇرسەن بوپ،
يىلان ئۇنىڭ ئېيتقان سوزىدىن.
چاقنايدىكەن ۋەھىملىك ئوت،
ئۇنىڭ سۇرلۇك سىڭا كوزىدىن.
"ئاتا كەسپى ئوغۇلغا مىراس،
ئايرىمايمەن ياخشى-يامانىنى.
ئاچ قالغاندا ئېشەك چېغىدا،
ئىلغىغانمۇ بىدە-سامانىنى؟"
"يىلان پالۋان، — دەپتۇ قالىغاچ، —
بىر بەلگەڭدىن قىلغىن خەۋەردار.
ئادەم يۇتۇپ كونگەن يىلانىنىڭ،
تىل ئاستىدا بەلگىسى بولار".
"تىل ئاستىدا بەلگەم بار مېنىڭ،
ئىشەنمىسەڭ قاراپ باق قېنى.
بىرلا يۇتۇپ مەنمۇ دىخانىنى،
شۇنداق ھەيران قالدۇراي سېنى".
مەغرۇرلىنىپ ئاشۇ سوز بىلەن،



AltunOq

چوڭ ئېچىپتۇ يىلان ئاغزىنى.
"ئەمدى ھوكۇم قىلغىن" دېگەندەك،
تەكلىپ قىپتۇ يېڭى قازىنى.
بىرلا چوقۇپ قالىغاچ دەرھال،
يۇلۇپ ئاپتۇ يىلان تىلىنى.
يولغا راۋان بوپتۇ دېخانمۇ،
بىلىپ شۇ چاغ ئىشنىڭ سىرىنى.
كۈتۈلمىگەن زەربىدىن يىلان،
تولغىنىپتۇ ئۈنسىز شۈككىدە.
ئېتىلىپتۇ قالىغاچقا ئۇ،
ئاچچىق ئاغرىق، ئازاپ ئىلكىدە.
پەرۋاز قىپتۇ قالىغاچ كوككە،
سېزىپ ئالغاچ ئۇنىڭ ئويىنى.
يۇلۇپ ئاپتۇ يىلان دەل ئۇنىڭ،
قۇيرىغىدىن بەش تال پېيىنى.
قالىغاچنىڭ قۇيرۇغى ئەنە،
شۇندىن بىرى ئىككى ئاچىمىش.
يىلان دائىم ۋىشىلدايدىكەن،
شۇندىن بىرى تىلسىز گاچىمىش.
قالىغاچنى كورگەندە يىلان،
"ۋىش-ۋىش" قىلىپ كوككە باقارمىش.
ئوچمەنلىكنىڭ زەھەرى قايناپ،
تىللىرىدىن يەرگە ئاقارمىش...

تەلئەت ناسىرى



# تۇلكىنىڭ ئەقلى

كىچىك دوستلار كېلىڭلار،
ماڭا قۇلاق سېلىڭلار!
سىلەرگە دوست بولايمەن،
چوچەك ئېيتىپ بېرەيمەن:
بۇرۇن ئوتكەن زاماندا،
نامەلۇم بىر ئورماندا،
بورى، تۇلكە هەم يولۋاس،
دوست بولۇپتۇ ئەيهانناس.
بىر كۈن ئۈچى بىر بولۇپ،
بىرلىك كۈچى ئوم بولۇپ،
بىللە ئوۋغا چىقىپتۇ،
ئوۋدىن خوشال يېنىپتۇ.
تۇتۇپتۇ بىر جەرەننى،
هەم قىرغاۋۇل، توشقاننى،
بۇنى كورۇپ يولۋاسۋاي،

يۇتماق بولۇپ دەم قاتماي،
دەرھال چىقىپ تورىگە،
بىردىن قاراپ بورىگە،
— تەقسىم قىلغىن سەن، — دەپتۇ،
قاراپ تۇراي مەن، — دەپتۇ.
بورى چىقىپ ئوتتۇرىغا،
ئاستا قاراپ ئولجىغا،
ئولجىدىن ئېپ كوزىنى،
ھەم باشلاپتۇ سوزىنى.
— ھەممىمىزنىڭ چوڭى سىز،
جەرەن بولسۇن ئۈلۈشىڭىز.
توشقان ماڭا خاس ئىرۇر،
ئوز بەستىمگە ماس كېلۇر.
تۇلكە يىسۇن قىرغاۋۇل،
بولغاچ بىزگە ياساۋۇل.
يولۋاس ئاڭلاپ بۇ سوزنى،
پەرق ئەتمەي يات — ئوزنى.
ساپتۇ بورى يۈزىگە،
چەللەپ تۇرۇپ كوزىگە.
بورى يىگەچ شاپىلاق،
بوپتۇ يۈزى ياپىلاق.
بۇنى ئاز دەپ شۇ يولى،

قۇيۇلۇپتۇ بىر كوزى.
شۇندا يولۋاس تۈلكىگە،
قىلىقلىرى كۆلكىگە.
دەپتۇ قاراپ يۈزىگە،
ھەم تىكىلىپ كوزىگە:
— تەقسىم قىلغىن بۇنى سەن،
قىلالمىساڭ كورىسەن.
تۈلكە باشنى قاشلاپتۇ،
ھەم سوزىنى باشلاپتۇ:
— ئەي، دانالار داناسى!
ھەممىمىزنىڭ پاناسى.
قىرغاۋۇل يەڭ زولۇقتا،
ئانچە-مۇنچە توقلۇقتا.
جەرەننى يەڭ چۈشلىگى،
توشقاننى ھەم كەچلىگى.
سىزدىن ئاشسا بىز يەرمىز،
ئاشمىغانغا بەس دەرمىز.
يولۋاس شۇندا كېرىلىپ،
خوشاللىقتا يېرىلىپ:
— بارىكاللا، تۈلكىۋاي!
دەپتۇ ئاڭا خۇش چىراي.
بۇرۇنىنى بۇراپتۇ،


AltunOq

هەم تۈلكىدىن سوراپتۈ:
— نەدىن ئەقىل تاپتىڭسەن،
كوڭلۈمنى خوپ ئاچتىڭسەن.
تۈلكە قايتا ئېگىلىپ،
ئۈچەيلىرى سىرىلىپ.
دەپتۈ يولۋاس ئوزىگە،
قاراپ ۋەھشى كوزىگە:
— كىچىرگەيسىز پېقىرنى،
تاپقان ئىدىم ئەقىلنى،
شۈ بورىنىڭ ئوزىدىن،
چاچراپ چىققان كوزىدىن.




## ھەسەن تىلىۋالدى



### ئەتىرگۈل

تاڭ سەھەر، ئەتىرگۈل ئېچىلدى تولۇپ،
ئەتراپقا گىمدىيىپ تىكتى كوزىنى.
"نەقەدەر گۈزەلمەن"دىدى ئۇ كۈلۈپ،
تەڭ قىلماي ھىچكىمگە ماختاپ ئۆزىنى:
"بۇ گۈزەل گۈلشەنىنىڭ زىننىتىدۇرمەن،
ئەتراپقا چاچىمەن خۇشپۇراق ئەنبەر.
بۇلبۇل ئىشقىمدا بولىدۇ شەيدا،
سەرخىلى گۈلنىڭ مەن كوركەم شۇ قەدەر.
مۇناسىپ ئەمەسمەن ئاددى گۈلشەنگە،
شوھرىتىم كوكلەردە قىلىدۇ پەرۋاز.
گۈزەلدۇر يوپۇرماق، بەرگ ۋە غولۇمۇ،
تەبەت ھوسنۇمدىن ئالىدۇ ئەنداز..."
گۈل شىخى ئېيتتىكى: "كىم سىنى مۇنداق
ئوستۇرگەن تەر توكۈپ كوپ مېھنەت قىلىپ؟

كىم سىنى ئىسسىقتىن، جۇدۇن ـ چاپقۇندىن،
ساقلىغان پەرۋىشلەپ ھىمايە قىلىپ؟
بۇ، ئىشچان باغۋەنىنىڭ سىڭدۇرگەن ئەجرى،
شۇ بولغاچ بىر كوركەم بولدى زىننىتىڭ.
بولمىسا گەر باغۋەن، ئاپتاپ، ھاۋا، سۇ،
بولامتى قىلچىلىك قەدرى ـ قىممىتىڭ؟
يار بولسۇن سەن ئۇچۇن كەمتەر پەزىلەت،
بولسىمۇ گەر سىنىڭ ھوسنىڭ ئۆزگىچە.
ئارتۇقچە تەمەننا قويما ئۆزەڭگە،
بولغىن شان دىگىنى ئالدىدا تامچە.“
بۇ سوزدىن خىجىل بوپ، ئەتىرگۈل شۇنچە،
پۇشايمان ئىلكىدە ئويلاندى ئۇزاق.
ھەقىقەت ئۇيقۇدىن ئويغاتتى ئۇنى،
ئالدى ئۇ پەزىلەت ئۇچۇن بىر ساۋاق.



## تۇرسۇن هامىت



# بوران ۋە ئورمان

يېتىپ كەلدى ئۇ ۋاقتتا گۆكىرەپ
بارغانسېرى كۈچىيىپ بوران.
دالىلاردىن، كوچا-يوللاردىن،
كۆتىرىلدى قويۇق چاڭ-توزان.

شاخ-ياپراقنى ئۇچۇردى يەرگە،
گۈل-چېچەكنى چەيلىدى ئۈزۈپ.
غايەت تېزلىك بىلەن شىددەتتە،
ھەممە جاينى چىقتى ئۇ كېزىپ.

بوران كوردى تېرەك ئورماننى
تۇرار پىسەنت قىلماستىن مەھكەم.
ئېگىلسىمۇ بوراندا شاخلار،
شۇنچە مەزمۇت تۇراتتى كوركەم.



AltunOq

دىدى بوران:

ھەيۋەت ـ قۇدرەتتىن ـــ
تىترەتتىمەن تاغلارنى ـ تاشنى.
دەرەخ، گىيا تىترىدى دىر ـ دىر،
سەن نىمىشقا ئەگمەيسەن باشنى؟!

دىدى ئورمان:

كوچ ـ ھەيـۋەڭ بىلەن،
شاخ ـ نوتىنى ئۇشتۇپ، قايرىدىڭ.
گۈل ـ چىچەكنى ئۇچۇرۇپ ھەريان،
ياپراقلارنى شاختىن ئايرىدىڭ.

مەن تۇرىمەن، مۇستەھكەم ـ مەزمۇت،
كۈچ چىدام بار، غوللاردا، شاختا.
مەيلى قەھرىڭ بولسىمۇ قالتىس،
باش ئەگمەيمەن ھەرقانداق ۋاختا.

دىدى بوران:

قەھرىم زور مىنىڭ،
شىددەت بىلەن ھۇجۇم باشلايمەن.
شاخ ـ نوتىنى ھەريان ئۇچۇرۇپ،
غوللىرىڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن.

دىدى ئورمان:
غولۇمنى ئۈزسەڭ،
كوكلەر باھار بىلەن يىلتىزىم...
كۈچ ۋە ھەيۋەڭ تۈگەيدۇ ئاخىر،
مېنىڭ مەڭگۇ ئۆچمەيدۇ ئىزىم...

قەھرى-غەزەپ ھەيۋە كۈچ بىلەن،
گۈكىرىدى شىددەتلىك بوران.
قۇۋۋەت ئالغاچ ئالتۇن تۇپراقتىن
تۇرار مەزمۇت باش ئەگمەس ئورمان.



## ۋاھىتجان غوپۇر



# چۈمۈلە بىلەن يولۋاس

ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ،
ئۆزگىنى شىر چاغلا.
— ئۇيغۇر خەلق ماقالىسى

ئورمانلىقنىڭ پادىشاسى يولۋاس بەچچە،
ئىستىراھەت قىلماق بولۇپ بىر كۈن كەچتە؛
ۋەزىرلەرنى، خادىملارنى ئەگەشتۈرۈپ،
ئاتلىنىپتۇ يولغا، شېرىن خىيال سۈرۈپ.
كەچكى شەپەق جۇلالىنىپ بۇلاقلاردا،
يوپۇرماقلار شىلدىرلاركەن پۇتاقلاردا.
ھاۋا ئوچۇق، سوقار ئىكەن مەيىن شامال،
دەريادا سۇ ئاقار ئىكەن، سۈزۈك، زىلال.
بۇ گۈزەللىك كەيپىدىن ئۇ غەرق مەسكەن،
ئويلىغىنى ساپ ھاۋايۇ-ھەۋەس ئىكەن.
خوشامەتكوي ۋەزىرلىرى تازىم قىلىپ،
نىمە تەلەپ قىلسا شۇنى ھازىر قىلىپ؛

”خوش خىزمەت“ دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرار ئىكەن،
مۇدھىش كۆلۈپ يولۋاس بۇرۇت تولغار ئىكەن.
مەنزىرىلىك جايلارنى ئۇ كېزىپ شۇنداق،
داۋام قىپتۇ سەيلىسىنى خۇرسەن-خۇشۋاق...

ئورمانلىقنىڭ چېتىدىكى يولنىڭ بويى،
ئىكەن بىر توپ چۈمۈلىنىڭ تۇرار ئويى.
بۇگۈن ئۇلار يېڭىدىن جاي سالماق بولۇپ،
ئىشقا چۈشكەن ئىكەن، ئەپچىل پىلان قۇرۇپ.
خەۋەرسىزكەن شاھ يولۋاسنىڭ سەيلىسىدىن،
دەبدەبىسى، تەنتەنىسى، ھەيۋىسىدىن...
توساتتىنلا ”پوش-پوش!“ دىگەن ئاۋاز بىلەن،
پەيدا بوپتۇ يولۋاس نۇرغۇن سەرۋاز بىلەن.
چۈمۈلىلەر ھەيرانلىقتا قاپتۇ تۇرۇپ،
ئەزۋەيلەپتۇ يولۋاس شۇئان (بۇنى كورۇپ).
دەپتۇ: ”نېچۈن تۇرىشىسەن يولنى توراپ،
قېنى ماڭا بولغان ھورمەت، ئەيلە جاۋاپ!
بەچچىغەرلەر بىلمەپسىدىلىڭ پىلانىمنى؟
سەيلە ئۈچۈن جاكالىغان ئېلانىمنى؟!“
بۇنى ئاڭلاپ، چۈمۈلىلەر ئاقساقىلى
دەپتۇ مۇنداق (سوزگە جارى بولۇپ تىلى):
— تەقسىر، سېنىڭ بۇ ئىشىڭدىن خەۋەرسىز بىز،



Altun Oq

تۇسقىنىمىز يوق يولۇڭنى، غەرەزسىز بىز.
مەرھەمەت قىل ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەرگىن،
مەنزىلىڭگە خوشال-خۇرسەن يېتىۋەرگىن.
— ھۇۋ، بەچچىغەر ئۆزەڭ تېخى قىلدەك تۇرۇپ،
تاكاللىشاي دەمسەن ماڭا سوز ياندۇرۇپ؟
تويغۇزىمەن گەدەنكەشلىك قىلغىنىڭغا،
ھۆرمىتىمنى بۇگۇن يەرگە ئۇرغىنىڭغا! —
دەپتۇ يولۋاس، ھوكىرەپتۇ سىلىپ چوقان،
ئېتىلىپتۇ چۈمۈلىگە ئوقتەك شۇئان.
دەسسەپ-چەيلەپ چىقىرىپتۇ مىجىغىنى،
غىلاۋىدىن ئېلىپ زورلۇق پىچىغىنى.
يېنىدىكى خادىملارغا بۇيرۇق بېرىپ،
ناھەقتىن قان توكۇپتۇ، ئۇ بالا تېرىپ.
ۋەيران قىپتۇ چۈمۈلىلەر مەلىسىنى،
تىڭشىماستىن بىچارىلەر نالىسىنى.
قىيا-چىيا سادالىرى كوككە يېتىپ،
بىگۇنالار قاپتۇ قىزىل قانغا پېتىپ...
ئىگىز شاخقا قونۇۋالغان گۇزەل تاۋۇس،
بۇ ھالەتنى كورۇپ، دىلى بولۇپ مەيۇس؛
كوزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ، چىدالماستىن،
دەپتۇ مۇنداق (ئۆزىنى ھىچ قويالماستىن):
— توختات مۇنداق قانخۇرلۇقنى! يولۋاس جاناپ،

ئادالەتـمۇ گۇناسىزغا بېرىش ئازاپ؟
بۇ قەۋمنى پېسەنتكە ئىلمىدىڭغۇ؟
ياشاش ھەققى بار ئۇلارنىڭ دىمىدىڭغۇ؟
نەچچىسنى دەسسەپ ـ چەيلەپ قىلدىڭ ھالاك،
يۈرىگىنى پارە قىلدىڭ، ئەيلىدىڭ چاك.
قېنى سېنىڭ ئادىل خاقان بولغانلىغىڭ؟!
ئاجىزلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلغانلىغىڭ؟
بۇ قىلىقنى بەس قىل! توكمە بىھۇدە قان،
زوراۋانغا يوق ياخشى كۈن، چۈشەن ئوبدان!
ئۇلار ساڭا قىلمىغانغۇ ھېچ يامانـلىق،
ئاداۋەتنى تېرىيدىغۇ زوراۋانلىق؟!...
يولۋاس ئاڭلاپ تاۋۇس قۇشنىڭ بۇ سوزىنى،
تاپالماپتۇ قويۇش ئۈچۈن يەر ئوزىنى.
ــ تۈت ئۈنىمۇ! ــ دەپ ھوكىرەپ يەرنى تېپىپ،
تاۋۇس ياققا يۈگرەپتۇ ئۇ ئوزىن ئېتىپ.
ھۇشيار تاۋۇس قانات قېقىپ، دەرھال ئۇچۇپ،
بوپتو كوزدىن غايىپ، يىراق كوكنى قۇچۇپ...
ئاچچىغىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ يولۋاس،
كوتۈرۈپتۇ ئالا ـ چۇقان، سۈرەن ـ قىقاس...
تەم كېتىپتۇ سەيلىسىدىن كەيپى ئۇچۇپ،
قايتىپتۇ ئۇ دەم بوزۇرۇپ، دەمدە كوپۇپ.


يولۋاس ئۇزاپ، تېچلانغاندا ئەندەك ئالەم،
پەتراپ، قاچقان چۈمۈلـەر بولۇپتۇ جەم.
ماتەم تۇتۇپ ئازاپ بىلەن ئۆلگەنلەرگە،
شاھ يولۋاستىن زۇلۇم-سىتەم كورگەنلەرگە؛
قىلىشىپتۇ يىغا، تىرىك قالغانـلىرى،
يۈرىكىنى ئورتەپ قىساس گۇلخانلىرى.
باش قوشۇشۇپ، بىرنىيەتكە كېلىشىپتۇ،
قىساس ئۈچۈن ئەپلىك چارە ئويلىشىپتۇ...
زالىم يولۋاس بۇ ئىشلاردىن بوپ بىـخەۋەر،
يۈرەر ئىكەن ئىشرەت بىلەن شامۇ-سەھەر.
بىر كۈنلۈكى كەچقۇرۇن ئۇ، ئوۋدىن يېنىپ،
ئالمان-تالمان تاغ باغرىغا كەپتۇ يېتىپ.
ھېرىپ كەتكەچ يامپاشلاپتۇ سۇنايلىنىپ،
خورەك تارتىپ ئۇخلاپتۇ ئۇ، ھاۋالـىنىپ.
چۈمۈللەر شۇنداق پەيتنى كۈتكەن ئىكەن،
(قىساس ئۈچۈن دىلغا بۇنى پۈككەن ئىكەن).
تۇيدۇرماستىن يولۋاس ياتقان جايغا يېقىن —
كەپتۇ ئۇلار، سەگەك تۇرۇپ، بىردىن-بىردىن.
كىرىشىپتۇ يولۋاس شاھنىڭ بۇرنىغا تېز،
غەزىۋىنى قىلىپ گويا ئالماس بىـگىز.
قاڭشىرىنى چېقىشىپتۇ دەھشەت بىلەن،
شاھ يولۋاسقا بولغان چەكسىز نەپرەت بىلەن.

شۇئان يولۋاس چاچراپ چوچۇپ ئويغىنىپتۇ،
قىتراپ ئىچى، ئاچچىق-ئاچچىق تولغىنىپتۇ.
چۈمۈلىنى ھەيدىيەلمەي بۇرنىدىن ئۇ،
تارام-تارام ياش توكۇپتۇ كوزىدىن ئۇ.
چۈنكى ئۇنىڭ كەيپى ئۇچار ئىكەن راسا،
بۇرنىدىكى چۈمۈلە ھەر مىدىرلىسا.
ئۇيان يۈگرەپ، بۇيان يۈگرەپ قاپتۇ ھېرىپ،
يا ئۇيقۇ يوق، ياكى تېچلىق، پەريات سېلىپ.
غەزىۋىدىن تاغىل تۇكى يېنىپ تەتۈر،
ۋەھىمىدە بېسىۋاپتۇ ھەم ئۇنى سۈر.
ئاخىر تاققا ئۇسۇپتۇ ئۇ، چىدالماستىن،
يا ئۆزىنى بىرەر يەرگە قويالماستىن.
ھەر ئۇسۇسە تاققا، ئوتلار چاقنايدىكەن،
توپان-توزان ئەتراپنى بىر قاپلايدىكەن.
قاراس-قۇرۇس سۇنۇپ قومۇش، دوملاپ تاش —
ئاققۇزۇپتۇ تارام-تارام كوزىدىن ياش.
ھەتتا بېشى نەچچە يەردىن يېرىلىپتۇ،
بەدەنلىرى تىلىم-تىلىم تىلىنىپتۇ.
يۈز-كوزلىرى قىزىل قانغا بويۇلۇپتۇ،
ئەجەلدىن مەي دىل جامىغا قۇيۇلۇپتۇ.
پور كوتەكتەك چۈشۈپتۇ ئۇ، ئاخىر ئۇچۇپ،
شۇ زاماتلا جان بېرىپتۇ، يەرنى قۇچۇپ...

دەل شۇ چاغدا تاۋۇس قۇشـمۇ پەرۋاز قىلىپ،
بۇ ۋەقەنىڭ ئۇستىگىلا كەپـتۇ يېتىپ.
سالاملىشىپ چۈمۈلىلەر توپى بىلەن،
بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئېنىق، روشەن؛
قاراپ ئولگەن يولۋاسقا ئۇ، دەپتۇ مۇنداق:
ــ قىلغىنىڭغا لايىق جازا يېدىڭ ئاخماق!
قۇدرەتلىكمەن، دەپ ئوزگىنى تەڭسىتمىدىڭ.
تۇققۇنىمىز چۈمۈلىنى مەنسىتمىدىڭ.
تەكەببۇرلۇق، پوچىلىقنى قىلىپ ھەمرا،
بوزەكلەرگە زۇلۇم سالدىڭ، قىلدىڭ ماجرا.
ئاخىرىدا يېدىڭ مانا ئوز بېشىڭنى،
ئىت تالايدۇ، بۇردە قىلىپ خام گوشىڭنى.
دىمەيمىدىم بۇرۇن ساڭا ئەي پەس مەردوت،
"يولۋاس بولساڭ چۈمۈلىگە تازىم قىپ ئوت!"
بۇ سوزۇمگە باۋەر قىلماي، بولدۇڭ گۇمران،
زوراۋانغا شۇنداق جاۋاپ بېرەر جاھان!...
تۇگۇتۇپتۇ شۇ تەقلىتتە سوزنى تاۋۇس،
چۈمۈلىلەر دەپتۇ: "دوستۇم، سوزۇڭ دۇرۇس!"
كېيىن ئۇلار جۇنۇشۇپتۇ يوللىرىغا،
ئېلىپ دەستە گۈل زەپەردىن قوللىرىغا...

1980 ـ يىل 15 ـ ئوكتەبىر.

## تاھىر تالىپ



# پىل سۇلتاننىڭ ئولۇمى

قەدىم زامان، جاڭگاللىقـنىڭ ئىچىدە،
سۇلتان بولۇپ ياشايدىغان پىل ئىكەن.
ئۆزىنى بەك قالتىس چاغلار ئىكەن ئۇ،
نەزىرىدە ئۆزگە ھايۋان قىل ئىكەن.

دەسسەيدىكەن، يالمايدىكەن ھەم تېپىپ،
"پۇقرا"لارنى جانلىق دەپمۇ قارىماي.
ئولۇم بۇيرۇپ تۇرار ئىكەن نەچچىگە
ھەر كۆڭلۈگى، ھەق-ناھەقنى ئايرىماي.

ئەگەركى، ئۇ چىقىپ قالسا سەيلىگە،
ھەممە ھايۋان كونۇش كىرەك پەيلىگە.
ھەتتاكى گۈل-گىيالارمۇ ئوسەلمەس —
ئىكەن، كونمەي ئاشۇ سۇلتان مەيلىگە.

ئۇن چىقارماي زارلايدىكەن جانلىقـلار،
ئۇ ئۇستىــدىن نالە قىلىپ خۇداغا.
"توشىمامدىكىن يىمانى، ــ دەپ، ــ سۇلتانىنىڭ
سۇلتانلىغى توشۇپ كەتسە گۇناغا!؟...

بىر كۇنى پىل چىقىپ ھەيۋەت سەيلىگە،
بىر تورغاينىڭ ئۇگىسىنى كورۇپتۇ.
غەزەپلىنىپ دەسسەپتۇ توت تۇخۇمنى،
ئۇگىنىمۇ چەيلەپ ھوزۇر سۇرۇپـتۇ.

ئازراق مېڭىپ بارسا غارنىڭ يېنىغا،
يولۇقۇپتۇ بىر جەرەننىڭ بالىسى.
تۇتۇپلا يەپ قويۇپتۇ پىل سەبىـنى،
مىڭ يالۋۇرۇپ ئاھ ئۇرسىمۇ ئانىسى.

سۇ ئىچكىلى كېتىپ بېرىپ پىل سۇلـتان،
دەسسەپ مىجىپ تاشلاپتۇ بىر پاقىنى.
يىغلىشىپتۇ پاقىنىڭ كوپ باللىرى،
نالە قىلىپ چاك ـ چاك ئېتىپ ياقىنى.

..........................................

ئانا جەرەن دەرت ـ پىراققا چىدىماي،
زارلىنىپتۇ جاڭگاللىقنى ئارىلاپ.
كېلىپ قاپتۇ بىر چاغ ئۇنىڭ ئالدىغا،
تۇلكىجانمۇ كوزىدە ياش مارىلاپ.

دەپتۇ تۇلكە: "نەگە ماڭدىڭ جان ئاداش؟
كورسەم ھالىڭ سېنىڭمۇ بەك خاراپقۇ!"
گەپنى ئاڭلاپ جەرەن يىغلاپ بۇقۇلـداپ،
تۇلكىجانغا ئۇز ھالىنى توكۇپتۇ:

"جۇدا قىلدى مېنى پىل بىر بالامدىن،
ئېيتىپ قويغىن، يەنە ئازاپ سالمىسۇن.
بوزەك قىلىپ ئاجىزلارنى پىل سۇلتان،
ئاخىر بىر كۇن قىساسىغا قالمىسۇن..."

تۇلكە ئاڭلاپ ئۇز دەردىنى يۇتۇپتۇ،
"پۇقرا" ئۇچۇن "دات" دېيىشكە مېڭىپـتۇ.
لېكىن ئۇمۇ پىل سۇلتانىنىڭ ئالدىدىن،
تويۇپ ـ تويۇپ دەشنەم ئاڭـلاپ يېنىپتۇ.

دەپتۇ سۇلتان: "خام خىيالدا بولۇشما،
مەن ھەممىڭنىڭ نوخۇلاڭنى ئالىمەن.

دەپ قوي يەنە جەرەن دىگەن ئۇششۇققا،
ئوزىنىمۇ بىر كۆن كاۋاپ سالىمەن...“

تۈلكە ئويلاپ بىردىن ئامال تېپىپتۇ،
چاقىرىپتۇ جانلىقلارنى ”مەجلىسكە“.
دەپتۇ: ”ھەممە ھۈنەر ـ ئامال ئىشلىتىپ،
غۇلتايلى پىلنى چوڭقۇر لەھەتكە...“

ھەممە جانلىق مەسلىھەتنى بىر قىلىپ،
ئاتلىنىپتۇ ھەيۋەت بىلەن سەپەرگە.
(كوپىنىڭ كۆچى، ئەقلى تازا بىرلەشكەچ،
ئىشىنەركەن ئالدىـدىكى زەپەرگە).

جىمى ھايۋان، ھاشارەتلەر ئوردىنى،
قورشىۋاپتۇ تۆشمۇ ـ تۆشتىن كېلىشىپ.
قورقىتىپتۇ پىلنى تووۋلاپ ـ ۋاقىراپ،
سايراپ، ھۆۋلاپ، چۇقان ـ سۈرەن سېلىشىپ.

تىترەپتۇ پىل ئامالى يوق تەمتىرەپ،
ئوز ئىچىدە تەگرىدىنـمۇ جان تىلەپ.
بىر چاغ قاغا قونۇپ ئۇنىڭ بېشىغا،
چوقىلاپتۇ جۇپ كوزىنى ”ئەركىلەپ“.

ئۇلىشىپتۇ چوقىلانغان كوزلەرگە،
چىۋىن ئاتلىق چاپارمەنلەر كېلىشىپ.
بىر دەمدىلا تولۇق قارغۇ قىلىپتۇ،
پىل كوزىگە "دورا — مەلھەم" سېلىشىپ.

چىشلەپ — تىتىپ ھەممە ئەھلى جانلىقلار،
قويۇشماپتۇ پىلنىڭ ھېچبىر ھالىنى.
ئاڭلاپ قاپتۇ تۇلكە بىر چاغ توساتتىن،
پىل سۇلتانىنىڭ "سۇ — سۇ!" دىگەن زارىنى.

"توختاڭلار!" دەپ توختىتىپتۇ تۇلكىجان،
"جامائەت"نى شۇئان چۇقان — سۈرەندىن.
"يول قويايلى سۇلتانىمىز سۇ ئىچسۇن، —
دەپتۇ يەنە، — لەززەت ئالسۇن چىمەندىن".


شۇ چاغ پاقا ئاتلىنىپتۇ ئارىدىن،
دەريا تامان گاھى — گاھى "كۇكىراپ".
پىل مېڭىپتۇ ئارقىسىدىن پاقىنىڭ،
"كۇر — كۇر"دىگەن سىگنالىدىن يول سوراپ.


مېڭىپتۇ ئۇ، خېلى ئۇزۇن مېڭىپتۇ،
پاقا ئىگىز ھاڭ بويىدا تۇرۇپتۇ.

هاڭ بويىدا يەنە بىر رەت كۈكىراپ،
پاقا شۇنداق ئىسىل قاپقان قۇرۇپتۇ:

ئىگىز هاڭدىن سەكرەپتۇ پىل كورەلمەي،
"كۇر ـ كۇر" دىگەن سىگنالغا ئەگىشىپ.
هاڭ ئىچىدە تىغدەك ئۇچلۇق قورام تاش،
پىل سۇلتاننى قويۇپتۇ خوپ "سەگىتىپ".

پىل ئولۇپتۇ پارچە ـ پارچە تىتىلىپ،
لېكىن جاڭگال هازا تۇتىماي، كۈلۈپتۇ.
دىمەك: چوڭچىل زومىگەر پىل ئاخىرى،
قىلغىنىغا چۇشلۇق ئىرەم كورۇپتۇ.





# پۇشايمان

## مۇقەددىمە

باللارنىڭ چوغ قەلبى
گۈل بەرگىدەك ساپ كېلەر.
ئاڭا مەسەل شەبنىمى،
كەۋسەر كەبى باپ كېلەر.

بەردىم قانات قەلەمگە،
چاقناپ ئىلھام شەپىغى.
ئۇچتى بويلاپ مىسرانى
شىرنە يىغىپ تاڭ چېغى.

شۇ شىرنىدىن دوست-چاقلار
تېتىپ كورۇپ، ئويلاڭلار.
ئىبرەت ئېلىپ، چىن مەنا
دەرياسىنى بويلاڭلار...



Altun0q

❖ ❖ ❖

كەچكى شەپەق نۇرىغا
بولىگەندە دەريانى؛
ياندى ئۆيگە بېلىقچان،
تۇگىگەندەك دەرمانى.

ئۇنىڭ سۇلغۇن چىھرىدىن
ياغار ئىدى خاپىلىق.
— نىـمە بولـدۇڭ جان بالام؟
دەپ سورىـدى خان بېلىق①.

— ئانا، ئەمدى مەكتەپكە،
دەيمەن بارماي ئۆينىسام.
خويما تويدۇم، ھە دىسە
تۇزۇم، تەرتىپ، ئىنتىزام.

دەيدۇ لايچى②: "يولۇقما،
بەڭۋاش ئاتلىق مەرەزگە..."
قۇشىمىدىم مەن بىر ئۆمۈر
بەنت قىلىنغان قەپەزگە؟!

---

① بېلىقلارنىڭ بىر تۈرى.
② لايغا مىلىنىپ ياشايدىغان بىر خىل بېلىق.

ئېيتسۇن قېنى، ئۆزەمنىڭ
ئوي ـ خىيالىم يوقمىكەن؟!
ئۆز مەيلىچە ئىش كورۇش
ھالاكەتلىك ئوقمىكەن؟!

سەيلە قىلسام نىم بوپتۇ،
ئىرغىپ چىقىپ قىرغاققا؟!
دوتمىدىم مەن چۈشكىلى
ئالدام ئاتلىق قىلتاققا؟!

بولماي ئەمدى بۇرۇقتۇم
تاسمىدەك تار دەريادا؛
كەلدى ئەركىن يايرىغىم
چەكسىز يايلاق ـ دالادا.

ــ ئازدۇرغاندۇ سېنى كىم؟ــ
دىدى قورقۇپ ئانىسى.
ــ ھىچكىم! ــ دىدى شۇ زامان
گەپ بەرمەستىن بالىسى:

ــ يۇرۇپتىمەن لايچىنى،
شۇ كەمگىچە دوست ساناپ.

توخۇ يۇرەك نىمىسكەن،
ئەسقاتماس بىر لاي غىلاپ.

بىر دوست تاپتىم يېڭىدىن،
ئېتى تىمىساق①ـــمەردانە.
كوپ ئىشلاردىن خەۋەردار،
دوستلىرىغا پەرۋانە.

سەردار بولۇپ ئەينى چاغ،
چىققانىكەن سەپ ئالدىغا.
ئۇستازلارمۇ ئېگىپ باش،
ئوتۇپتىكەن دالدىغا.

يايراپتىكەن ھەر يەردە
ئوزى خاقان، بەگ بولۇپ.
تەرتىپ دىگەن كىشەننى
چاقىقان ئىكەن دەس تۇرۇپ.

ئۇنىڭ بالدەك سوزىدىن
بولۇپ قالدى كوڭلۇم توق.

① قوش ماكانلىقلارنىڭ بىر تۇرى، تەبىتى يىرتقۇچ.

ئەركىن تىنىق ئېلىشقا،
ئۇ ئېيتقاندىن ئەپ جاي يوق...

— ئاھ! — دەپ ئانا تاس قالدى
ئەس ـ ھۇشىدىن كېتىشكە.
ئېيتتى ئوكسۇپ: — ساۋاقنى
ئۇنۇتقانسەن نىمىشقە؟

جۇغۇلدايدۇ تەنلىرىم
ئەسلىسەم شۇ چاغلارنى.
ئوچمەس بولۇپ يۈرەكتە
قالغان قانلىق داغلارنى.

چاقماق چېقىپ دەھشەتتە.
يامغۇر يېغىپ شاقىراپ؛
جىرالاردىن پەسكە سەل
تاشلانغانتى غاقىراپ.

تېشىپ ئاخىر يامغۇر سۇغان
دەريا سۈيى ئۇلغۇيۇپ.
كەتكەن شۇندا ئاتاڭمۇ
شۇ تىمساققا يەم بولۇپ...



AltunOq

يېڭىچە ئىش تۇتتۇق دەپ
سۇدىن بىزنى سۈزگەن ئۇ.
ئاجىزلارنى ھاپ ئېتىپ،
تېچلىق بەرمەي يۈرگەن ئۇ.

چوككەن غەمگە سۇ ئەھلى،
كۈن ئالغۇلۇق قانداق، دەپ.
ھەممە ياقتا يىغا ـ زار،
قورقۇنچلۇق ھەر خىل گەپ...

شۇنداق ئەنسىز بىر چاغدا،
تۇغۇلغانتىڭ، جان بالام.
چۈشۈپ قىيان پەنجىگە
بوغۇلغانتىڭ، جان بالام.

"باسار ئاتا ئىزىنى..."
دەپ جان تىكىپ سويۈنۈپ؛
چەتكە ئېلىپ ئوزەمنى
باققان سېنى كويۈنۈپ.

قەيسەر قويغان ئېتىڭنى
بەخت تىلەپ دىلىمدىن.

ئەكىلەتكەن قوزام دەپ،
شېكەر توكۈپ تىلىمدىن.

قاتتىم شۇنداق قاتارغا
دولقۇن بىلەن ئېلىشىپ.
كەلسە تىمساق مارىلاپ
بەلنى باغلاپ چېلىشىپ.

مالىمانلىق ئۇچىغى
ئاخىر چېقىپ تاشلاندى.
دەريا سۈيى تېچلىنىپ،
يېڭى هايات باشلاندى.

مەكتەپ يەنە ئېچىلغاچ،
دىدىم تۇتۇپ قولۇڭىنى:
"چىقماي ئۇستاز سوزىدىن
بىلگىن ياشاش يولۇڭنى.

دىلىڭ كۈندەك يورۇيدۇ
ئىچسەڭ بىلىم شەربىتى.
ئاتسا چېچەك ئىجادىڭ
ياغار ئەلنىڭ رەخمىتى.

ئايلان، ئەسلەپ ساۋاقنى
ئوبدان بىلىق نەسلىگە.
يامانلارغا ئەگەشمەي،
يەتكىن مۇرات ۋەسلىگە...“

شۇندا ئوغلۇم، يۇرەكتىن
ۋەدە بەرگەن ئىدىڭسەن.
ئەمدى نىچۈن ئۇزگىرىپ،
ئوز لەۋزىڭنى يىدىڭسەن؟

قىزىققاندەك تۇرسەن
باقسام، ئاشۇ چاغلارغا.
ھەممە ئايان، سەپسالساڭ
دىلدا قالغان داغلارغا.

دەريا بىزگە چىن ماكان،
سۇ دىگەن جان ـ جىنىمىز.
ئەگەر ئۇندىن ئايرىلساق،
قۇرۇپ پۇتەر جىسمىمىز.

قاندەك مۇھىم ئىنتىزام،
قانىسىز تەندە نە جان بار؟

ھەركىم ماڭسا ھەر يانغا،
بولغاي غەلبە قانداق يار؟

ئەينى يىلى تىتىغان،
بۆنىڭ ئاچچىق تەمنى.
ئۆنداق ئاددى چاغلىما،
شۇم نىيەتلەر پەمــنى.

كىرسەڭ تىمساق سوزدــگە،
ماڭدامدا بىر پالاكەت.
ئەركىن تىنىق نەدىكەن،
كۆتكىنى شۇم ھالاكەت!

ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا
يالىمغان ئۇ ئاتاڭنى.
يەي دىمەسمۇ ئەمدى ئۇ
قوشۇپ سىنى، ئاناڭنى.

لايىچى ئىكەن چىن دوستۇڭ،
ھەقىقەتنى سوزلەپتۇ.
پالاكەتتىن ئۇزەڭنى
قۇتقازماقنى كوزلەپــتۇ.

AltunOq

جۇگۇ، بىرىپ دوستۇڭدىن
ناماقۇللۇق سوراپ كەل.
يامان يولدىن يېنىشقا
چىن يۈرەكتىن باغلاپ بەل...

چىقىپ كەتتى بىلىقجان
”ھىم!“ دەپ قويۇپ ئىلىپ باش.
قاراپ قالدى ئانىسى،
كوزلىرىدىن توكۇپ ياش...

❖ ❖ ❖

چۈشتى ئاستا قاراڭغۇ،
كوكتە يۇلتۇز چاقنىدى.
ئايمۇ بۇلۇت ئىچىدىن
شۇڭغۇپ چىقتى—بالقىدى.

ئويغا پېتىپ بىلىقجان
ئۇزۇپ يۈردى نىشانسىز:
”باراي كىمنىڭ ئالدىغا،
قالدىم ئەجەپ ئامالسىز...“

ئويلا-ئويلا، تەڭلىكنى
بىردىن چورۇپ تاشلىدى.

كوڭلى ئەمىن تاپقانىدەك
غىڭشىپ ناخشا باشلىدى.

كوزلەپ تىمساق ئۆيىنى
ئۇدۇل ئۇزۇپ كەتتى ئۇ.
دولقۇن يېرىپ، كوپ ئوتمەي
نىشانىغا يەتتى ئۇ.

— بەللى، كەپسەن، بېلىقجان،
ئېلىپ باراي سەيلىگە.
نەگە دىسەڭ ئاپىراي
بېقىپ كوڭلۇڭ مەيلىگە.

لايلاتما دەپ بىر جاي بار،
ئەجەپ گۈزەل ئايدىڭدا.
كورسەڭ ئۇنى بىرلا رەت
مەڭگۇ قالار يادىڭدا...

دىدى تىمساق كېرىلىپ،
چىرايىدا تەبەسسۇم.
ماقۇل بولدى بېلىقجان:
— مەيلى ئاپار، جان دوستۇم...

شۇنداق قىلىپ ئىككىسى
ئۈزۈپ كەتتى قىرغاقتا.
قايدىن بىلسۇن بېلىقچان
چۈشكىنىنى قىلتاقتا.

توختاپ تىمساق تۈيۈقسىز:
— قۇيرۇغۇمدىن تۇت، — دىدى.
لايلاتقىنغا ئەپ چىقىپ،
— يامان بولساڭ ئۇت، — دىدى.

پىلتىڭلىدى بېلىقچان
كەتتى دىمى سىقىلىپ.
قالدى گويا ئوپكىسى
كانىيىغا تىقىلىپ.

— چۈشۈپ ئالدام خالتاڭغا
ئۆلەر بولدۇم ئارماندا.
بىلمەپتىمەن قەدرىنى
تۇرغاندا سۇ ماكاندا.

دىسە ئۇستاز: ”تا ئەبەت
كەتمە سۇدىن ئايرىلىپ...“

ئەركىنلىكىنى بوغدى دەپ
تاقلاپتىمەن قايرىلىپ.

قىلسا ئانام نەسىھەت،
كىرمەپتىمەن گېپىگە.
يۈرۈپتىمەن ئىشىنىپ
سەندەك مەككار نېمىگە.

جان ھەلقۇمغا يەتكەندە،
پۇشايمانغا قاچا يوق.
ئىبرەت ئالغاي خالايىق
نەپرەتنى قىلىپ ئوق...

بېلىقچاننىڭ گېپىگە
كۈلدى تىمساق قاقاقلاپ:
— مۈزىكىدەك ئاڭلايمەن،
قىلساڭ ناله ۋاي-ۋايلاپ.

ئاپ-ئاشكارا يېيىشنىڭ
پەيتى ئوتۇپ كەتكەچكە؛
يۈگەنسىز شۇ چاغلارغا
بىردىن ئەجەل يەتكەچكە؛


AltunOq

شۇنداق قىلماي بولمىدى،
كەچۈر مېنى، ئۇلپىتىم.
قوساق تويسا يايرايمەن
كەتكەندەك دەرت ـ كۇلپىتىم.

"ئەركىنلىك"نىڭ تەمىنى
تېتىپ ئوبدان تويسەن.
تېخى چوغدەك ئاپتاپتا
ئوخشاپ كاۋاپ بولسەن...

چۈشتى تىمساق ئۇسۇلغا،
يوقاتقاندەك خۇدىنى.
شۇندا بىرسى تارتتى تېز
بېلىقچاننىڭ پۇتىنى.

كوردى لايچى ئاكىنى
قارىغاندا بۇرۇلۇپ.
ــ يېپىش ماڭا!، ــ دىدى ئۇ،
لاي ئىچىگە تېز شۇڭغۇپ.

ئۇلار تىمساق كەلگىچە
غايىپ بولــدى لاي تامان.

چۈشتى ھەش ـ پەش دېگىچە
كەڭ دەرياغا تېچ ـ ئامان.

ھوزۇرلاندى ئاجايىپ
ئەركىن تىنىپ بېلىقچان
چىرايىدا خىجىللىق،
يۈرىگىدە ھاياجان.

لايچى تۇتۇپ قولىدىن،
ماڭدى ئالغا يىتىلەپ.
قالدى ساۋاق ئېسىدە،
يۈرمەس ئەمدى تەمتىرەپ...

**خاتىمە**


مىڭ ئۆلچەپ بىر كەسمىسەڭ،
پۇشايمانغا قالىسەن.
شىرىن ـ شەرۋەت ئورنىغا
زەھەر ـ زوقۇم ئالىسەن.


بېلىق سۇدىن ئايرىلسا،
ھالى نىچۇك، ئايانغۇ.

دىمە، ھەسەل بەرگۈچى
تىلى شېكەر چايانغۇ.

يوق خىيالغا بېرىلىمەي
يەت ھور زامان قەدرىگە.
ئىلىم ـ پەندە قۇچۇپ شان،
ئۇرلە يۈكسەك پەللىگە.

1980 ـ يىل ئاپرېل، بېيجىڭ.





## مۈشۈكنىڭ تۆھپىسى

بۇندىن نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇرۇن،
ئۆتكەن ئىكەن بىر ئاقكۆڭۈل ئادەم.
كىمكى ئۇنىڭغا ھالىنى ئېيتسا،
جانىنى قىپ پىدا قىلاركەن ياردەم.

چىڭقى چۈش مەزگىل، ئولتۇرسا بىر كۈن،
بىر ئىلان كىرىپ سالام بېرىپتۇ.
ئەھۋال خەتەرلىك، كەينىمدە دۈشمەن،
رەھمە قىپ مېنى قۇتقازغىن دەپتۇ:

— مەنلا ئولسەمغۇ مەيلىدى، بىراق
ئۆيدە باللىرىم بوپ قالار يېتىم.
رەقىپ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن،
ئامال تاپالماي قاتتىق بۇ بېشىم.



AltunOq

يورۇق دۇنيادا كۆنۈمنى ئالاي،
ئەي ئىنسان ماڭا ئاغرىسۇن ئىچىڭ.
ياردەم قولۇمنى سۇنارمەن بىر كۈن،
چىقىپ قالغاندا سېنىڭمۇ ئىشىڭ...

مەيلى مەن ساڭا ياخشىلىق قىلاي،
دەپتۇ ئۇ ئادەم قويىنىنى ئېچىپ:
ــ بول، قېنى تېزدىن قويىنۇمغا كىرگىن،
ئارام ئال بىردەم، بەھوزۇر يېتىپ.

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا،
كىرىپمۇ ئۇيگە قەدەم تاشلاپتۇ.
دىخانغا سالام قىپتۇ ـ دە، شۇندا
كېلىش مەقسەتنى بايان ئەيلەپتۇ:

ــ بايا بىر ئىلان ئۇيگە كىردىمۇ؟
قوغلاپ كەلگەنتىم قىلىشقا تائام.
ۋاپا قىلمىغىن ئەي جېنىم بالام،
كورسەڭ ئىلاننى دىگەنتى ئاتام.

ئويدە ئاچ ياتار يۇمشاق بەش بالام،
ئۇنى تۇتماستىن ئالمايمەن ئارام.

ئەمەل قىلمىسام ئاتام سوزىگە،
يىگەن تامىقىم بولىدۇ هارام.

چىرايلىق سوزلەش ئۇنىڭ ھىلىسى،
تۇرغان-پۈتكىنى زەھەردۇر ھامان.
پۈرسەت تاپسىلا تەنىگە يوگۈشۈپ،
شورار يۈرەكتىن قانىنى ھەرقاچان...

—ۋاي ياقەي! يىلان كىرمىدى ئويىگە،
كىرگەن بولسا ئۇ بولامتى توردە.
ئەگەردە ساڭا يالغان سوزلىسەم،
كور بولۇپ كېتەي، ئاق چۈشۈپ كوزگە.

ئاڭلاپ بۇ ئادەم سوزىنى كىرپە،
ئويلىنىپ بىر ئاز سوراپتۇ شۇئان:
—مەنغۇ سوزۇڭگە ئىشىنەر ئىدىم،
لېكىن كوڭلۈمگە چۈشمەكتە گۇمان.

ئەگەر بۇ ئويگە كىرمىسە يىلان،
زەھەرلىك شالە قايدىن چىچىلغان؟
بولمىسا نەققاش ياكى بۇ جايدا،
يولدىكى ئەگرى ئىز قايدىن سىزىلغان؟!

بىراق بۇ ئادەم دەپتۇ يەنىلا:
— زادى كورمىدىم كەتتىكىن قايان.
مەيلى ئىزدەپ كور خالىغان يەرنى،
قاچتىمىكىن يا باشقا يول تامان.

— بوپتۇ سوزۇڭگە ئىشىنەي ئادەم،
چۈنكى سەن مەندىن ئەقىللىق هامان.
ئوينى ئاختۇرۇش مەن ئۈچۈن خاتا،
خەير - خوش، مەن كەتتىم، بولغىنسەن ئامان.

كىرىپمۇ ئويدىن ئۈزاپ كەتكەندە،
يىلان قاقاقلاپ كۇلۇپ كىتىپتۇ.
كوزىدىن ئوتلار، چاۋغايدىن شالە،
چاچرىتىپ شۇندا سوزگە كىرىپتۇ:

— كەلگەچكە ئوڭدىن تەلەي - پىشانەم،
ئەي ئىنسان ماڭا قىلدىڭ ياخشىلىق.
قىلغان شۇ شەپقەت بەدىلى ئۈچۈن،
قېنىڭنى شوراپ قىلاي ناشتىلىق!

— هەي مەرەز كاپىشما، ئاغزىڭنى يۇم!
بۇنداق نامەرتلىك قىلغان نەدە با؟!

ئولۇمدىن ساقلاپ قويسام بىغەرەز،
ئەمدى نىمە دەپ جويلۇيسەن يانا.

ھىلى يالۋۇرۇپ قىلغان سوز ـ ۋەدەڭ،
ئەمدى نىمىشكە بولمايدۇ ھىساپ.
بەرگەن ۋەدەڭدىن تانماقچى بولساڭ،
يەنە قايتىدىن ئاچامدۇق كىتاپ!

ـــ بولدى قوي قۇرۇق گېپىڭنى ئادەم،
جاندىن ئۈمىت ئۈز، ساۋاپلىق ئىش قىل.
ئاچلىقتىن ئولۇپ كەتسەم بىقارار،
قانداق چىدايدۇ سەندىكى ساپ دىل.

گەپنى ياخشىچە قۇلاق سىپ ئاڭلا،
ماڭا جان كىرەك، ماڭا قان كىرەك!
سىنى قولۇمدىن بىرىپ قويسام گەر،
ئەخمەقلىغىمدىن بەرمەمدۇ دىرەك!

ـــ ۋاپاغا جاپا قىلما ئەي يىلان،
قەيەرگە كەتتى سەندىكى ۋىجدان.
دەپتۇ ـ دە، ئادەم پەرياتلار چىكىپ،
قىلغان ئىشىغا ئەيلەپتۇ پۇشمان.


Altun Oq

ۋاپاغا جاپا قىلىش ئەزەلدىن،
ئاتا ـ بوۋامدىن قالغانتى مىراس.
كىمكى ياخشىلىق قىلسا ئەگەردە،
جۇدا قىپ جاندىن ئالىمىز قىساس.

دەپتۇ شۇم يىلان دىخانغا شۇنداق،
زەھەر نەشتىرىن جانغا بەتلەپتۇ.
كورۇپ بۇ ھالنى شەپقەتلىك مۇشۇك،
كارۋات ئۇستىدىن ئالغا سەكرەپتۇ.

ئوڭشاپ بولغىچە يىلان ئوزىنى،
مۇشۇك چايناپتۇ شۇئان بېشىنى.
ئۇلۇغ بولسىمۇ مۇشۇك توھپىسى،
كەپتۇ پەش قىلماي قىلغان ئىشىنى...

شۇنىڭدىن بۇيان مۇشۇك خىسلىتى،
داستان بولۇپتۇ تىلدىن ـ تىللارغا.
خوشال ياشاپتۇ دىخان ئويىدە،
ئازار يىمەستىن يىلدىن ـ يىللارغا...

1980 ـ يىل 20 ـ ئوكتەبىر، قەشقەر يېڭىسار.

ئابلىكىم باقى



# چاشقان بىلەن ئاغمىخان

ھاۋا ئىسسىق بىر كۈنى،
چۈش مەزگىلى بولغاندا؛
ھېچبىر كىشى قالماپتۇ،
ئېتىزلىقتا، خاماندا.
كىچىككىنە ئاغمىخان،
يۈگرەپ كەپتۇ خوش بولۇپ.
كورۈپ تاغدەك بۇغداينى،
چاۋاك چاپتۇ زوقلىنىپ.
چەش ئۈستىگە ئۆمىلەپ
چىقىپتۇ ئۇ شاتلىنىپ.
نەزەر سېپتۇ ئەتراپقا،
ئۇسۇل ئويناپ ئايلىنىپ.
كەپتۇ شۇندا بىر چاشقان
ئوت ـ چۆپلەرنى ئارىلاپ.
ھەجىيىپتۇ ئۇنىڭغا،

ئۇ يان ـ بۇ يان مارىلاپ.
دەپتۇ: ــ ئاي ـ هاي، ئاغمىخان،
سەن ئاجايىپ ئەقىللىق.
زېرىكىپسەن بىر ئۆزەڭ،
ساڭا قىلاي يېقىنلىق.
دوست بولايلى ئىككىمىز،
مېنىڭ كوركەم ئۆيۈم بار.
سېنى خوشال قىلغۇدەك،
هۇنىرىم بار، كۈيۈم بار.
قېنى يۈرگىن ئۆيۈمگە،
مېھمان بولغىن ئولتۇرۇپ.
دەپتۇ دەرهال ئاغزىغا،
بۇغداينى لىق تولدۇرۇپ.
بۇ سوزلەرگە ئاغمىخان،
بەكمۇ ئوڭاي ئېرىپتۇ.
ئەگىشىپ ئۇ چاشقانغا،
يەر ئاستىغا بېرىپتۇ.
ئۇنىڭ چوڭقۇر ئويلىرى،
ئىچكىرى هەم تار ئىكەن.
ئىككى ـ ئۈچ يىل يەتكۇدەك،
ئاشلىغىمۇ بار ئىكەن.
هەيران بولۇپ ئاغمىخان،

شۇنچە نۇرغۇن بۇغدايىدىن؛
"نەدىن ئالدىڭ بۇلارنى؟"
دەپ سوراپتۇ چاشقانىدىن.
"ساپ بۇغداينى دىخانلار،
ئايرىپ قويار سامانىدىن.
يوتكىۋالىدىم مەن ئۇنى،
دەل پەيتىدە خاماندىن."
دەپتۇ چاشقان ئوزىچە،
مەغرۇرلىنىپ، كېرىلىپ.
ئاغزىدىكى بۇغداينى،
ياندۇرۇپتۇ بېرىلىپ.
دەپتۇ يەنە: "جۇر بىللە،
چىلىڭ تۇتايلى پۇرسەتنى.
قورقما، ئۇگەن مېنىڭدىن،
باتۇرلۇقنى، جۇرئەتنى".
بەك قورقۇپتۇ ئاغمىخان،
تەييار ئاشنى ئېلىشتىن.
قېچىش توغرا كەلگەندە،
ئارقىسىدا قېلىشتىن.
شۇندا چاشقان بىر غۇلاچ،
بىر شوينىنى تېپىپتۇ.
ئويلاپ ياخشى ئامالنى،




AltunOq

بىر پۇتىنى چىگىپتۇ.
ئاغمىخاننىڭ پۇتىنى،
بىر ئۇچىدا چىگىپتۇ.
"تەڭ بىرىپ، تەڭ كېلىمىز"
دەپ خامانغا مىڭىپتۇ.
ھەر ئىككىسى بۇغداينى، .
يەپتۇ تازا ئالدىراپ.
ئاشۇ پەيتتە ئاسماندىن،
بىر سا كەپتۇ پىقىراپ.
ئۆز ئوۋىنى كورۇپ سا،
ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ.
قېچىپ يۇرگەن چاشقانغا،
تىرناق ساپتۇ، تۇتۇپتۇ.
ئورلەپتۇ سا ئاسمانغا،
ئولجىسىنى كوتىرىپ.
پۇتى باغلاق ئاغمىخان،
تەڭ چىقىپتۇ ئېسىلىپ.
ئۇچۇپتۇ سا ئىگىز ـ پەس،
مەلىلەرنى ئارىلاپ.
كورۇپ بۇنى باللار،
كۇلۇشۇپتۇ ۋاقىراپ.
پۇشايماندا ئاغمىخان،

تىپىرلاپتۇ تولغۇنۇپ.
بالىلارغا ھەسرەتتە،
شۇنداق دەپتۇ ئاھ ئۇرۇپ:
"كىم يولۇقسا قازانغا،
يۇقار ئىكەن قارىسى.
گەر ئەگەشسە يامانغا،
يۇقار ئىكەن يالىسى".



مۇتەللىپ جۇمـاخۇن *



# سوگەت ۋە ئالـما كوچـىتى

بىرتۇپ سوگەت ئۈنۈپتۇ،
باغ تېمىنىڭ تۈۋىدە.
بوپتۇ پىكرى-خىيالى،
ئۇسۇشنىڭلا غېمىدە.
بوي تارتـىپ ئۇ كۈنسېرى،
خۇشاللىقتا تولۇپتۇ.
يېنىدىكى ئالمىنى،
زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپـتۇ:
”ھەي كوچەتـۋاي، كوچەتۋاي،
تۈرىسەنغۇ بوي تارتـماي.
يېشىمىز تەڭ بولسىمۇ،
مەن ئۇستۇم ئىگىز، ھاي-ھاي!“
”ماختانمىغىن گىدىيىپ، —
دەپتۇ ئالما كوچـىتى، —

تەكەببۇرلۇق، كورەڭلىك
بەختىنىڭ چوڭ ئاپىتى.
ئوخشمايمەن مەن ساڭا،
يەيمەن ئەلنىڭ غېمىنى.
بويدىن يوقتۇر تامايىم،
بەرسەم دەيمەن مىۋىسىنى.“
ئاڭلىغاندا بۇ سوزنى
تېرىكىپتۇ سوگەتۋاي.
دوق قىلىپتۇ ئالمىغا،
يەنە تېخى تەپ تارتماي:
”تاپتىڭمۇ سەن شۇ گەپنى،
ئوسكىنىمنى كورەلمەي.
ئىچىلىك يامان بولغاچقا،
قاپسەن نوتا سۇرەلمەي.
ھەر تەرەپكە غۇلاچلاپ،
ماڭغىنىمنى كور ئەمدى.
شاخلىرىمنىڭ ئاستىدا
كۆن كورەلمەي تۇر ئەمدى.“
شۇندىن تارتىپ سوگەتنىڭ،
ئۇزىراپتۇ پۇت-قولى.
يوغىناپتۇ كۆن ساناپ،
ئەگرى-بۇگرى بوپ غولى.



AltunOq

كۈنلەر ئۆتۈپ ياز كەپتۇ،
ئۆدەك بىلەن غاز كەپتۇ.
مۈكچەيسمۇ سوگەتۋاي،
ئۇسۇش يەنە ئاز كەپتۇ.
بوپتۇ ئالما باراقسان،
شاخ ـ شاخلىرى ئېگىلىپ.
قىپتۇ ئەلنى شادىمان،
مۆلىرى پېتىلىپ.
بۇنى كورۇپ سوگەتنىڭ
قىزىرىپتۇ كوزلىرى.
ئەل ماختىسا ئالمىنى،
تاتىرىپتۇ يۈزلىرى.
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە،
سەيلىچىلەر كېلىپتۇ.
يەپ ئالمىنى بەھوزۇر،
لەززىتىنى تېتىپتۇ.
لېكىن سوگەت كۈن تۇسۇپ،
دەخلى بولغاچ ئۇسۇشكە.
قارار قىپتۇ كىشىلەر،
ئۇنى تۈپتىن كېسىشكە.
ئەتىسىلا ھەرىدە،
سوگەت بوپتۇ ئون پارە.

كولۇنۇپتۇ يىلتىزى،
قىلسىمۇ ئۇ مىڭ نالە.

❖ ❖ ❖

بۇ ھىكمەتلىك تەمسىلنى،
ئاڭلىمىغان قالماپتۇ.
ئادەملەرنىڭ ئىچىدە
مۇنداق سوزلەر تارقاپتۇ:
"كەمتەر بولساڭ ئەل سويەر،
قەدىمىڭدىن گۇل ئۇنەر.
مىۋە بەرسەڭ چىچەكلەپ،
ئەمگىكىڭنى ئەل كورەر.
ماختانچاقلىق، كىبىرلىك،
ئومۇرنىڭ چوڭ دۇشمىنى.
بوي كورسەتسەڭ قۇرۇقلا،
قەدىرلەيدۇ كىم سىنى؟!"



مەھەممەت روزى



## قوزا بىلەن ئوغلاقنىڭ دوستلۇغى

ئوغلاق بىلەن قوزىجان،
ئىكەن يېقىن دوستلاردىن.
ئويناپدىكەن سەكرىشىپ،
ئېتىز - ئېرىق قىزلاردىن.
بىر كۈنىسى قوزىغا،
شۇنداق دەپتۇ ئوغلاقجان:
"قارا دوستۇم، بۇ يەرنىڭ
چۆپى ئەمەس ھېچ يۇمران.
كۈندە بۇنداق يۇرگىچە،
كورمەيلىمۇ ھەر ياقنى.
تاپمايلىمۇ بىز ئىزدەپ،
چۆپى ئىسىل يايلاقنى.
ئىككى ياقفا ئىككىمىز،
بولۇنۇپ يول ئالايلى.
ئەگەر تاپساق قايسىمىز،

كېلىپ خەۋەر قىلايلى".
تەكلىۋىگە ئوغلاقـنىڭ
قوشۇلۇپتۇ قوزىجان.
ئىككى ياقتا ئىككـىسى،
يول ئېلىپتۇ شۇ هامان.

ماڭا، ماڭا قوزىجان،
قوساقلىرى ئېچىپتۇ.
چۈشكە يېقىن ئاخىرى،
بىر مەنزىلگە يېتىپتۇ.
بۇ يەر ئىكەن زەپ ئىسىل،
قويۇق ئىكەن چوپلىرى.
شۇنچە يۇمشاق، تاتلىقكەن،
چوپلىرىنىڭ كوپلىرى.
ئېرىقلاردا ئاقاركەن،
شىلدىرلىشىپ سۈزۈك سۇ.
بۇنى كورۇپ چىن دىلدىن،
بەكمۇ خوشال بوپـتۇ ئۇ.
ئويلاپتۇ ئۇ: " چوپلەردىن ـــ
ئاۋال بىر ئاز يەۋېلىپ؛
ئاندىن بېرىپ ئوغلاقنى،
كېلەيمىكىن چاقىرىپ".


Altun0q

لېكىن بىردىن ئويىدىن،
يېنىۋاپتۇ قوزىجان.
دەپتۇ: "بۇنىداق قىلسام مەن،
توغرا بولىماس ھەرقاچان.
يۈرگەن بولسا تاپالىماي،
دوستۇم بىرەر ماكاننى.
ئاچ قالمىسۇن، مەن باراي،
بىللە يەيلى تاپقاننى."
قوزا ئويلاپ دوستىنى،
سۇمۇ ئىچمەي كېتىپتۇ.
دوستلۇق مېھرى تېنىگە،
زور كۈچ-قۇۋۋەت قېتىپتۇ.

ئوغلاق ئۈزاق ماڭمايلا،
بىر مەنزىلگە يېتىپتۇ.
بۇ مەنزىلنىڭ ھوسنىگە،
تويماي، تويماي بېقىپتۇ.
بۇندا تەكشى ئىسىل چوپ،
دولقۇنلىنىپ تۇراركەن.
چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدى،
دىماقلارغا ئۇراركەن.
بۇلاقلاردىن زۇمرەت سۇ،


ئوخچۇپ ـ ئوخـچۇپ ئاقارکەن.
ئىسسىل، سالقىن ھاۋاسى،
تەنگە زەپمۇ ياقاركەن.
ئويلاپتۇ ئۇ: "چوپلەردىن ــ
ئاۋال تازا يەپ توياي.
ئاندىن ئىچىپ سۇلاردىن
تەشنالىقنى مەن قاناي".
ئوغلاق ئۇنتۇپ ھەمـمىنى،
باش كوتەرمەي چوپ يەپتۇ.
قارنى تويۇپ، بۇلاققا ــ
سۇ ئىچكىلى ھەم كەپتۇ.
سۇنى ئىچىپ كوپ ئوتمەي،
كەپتۇ تازا ئۇيقۇسى.
ۋۇجۇدىنى قاپلاپتۇ،
بىر شىرىنلىق تۇيغۇسى.
دەل شۇ پەيتتە يادىغا،
كېلىپ قاپتۇ قوزىجان.
لېكىن بېشى ساڭـگىلاپ،
ئۇخلاپ قاپتۇ شۇ ھامان.
ئۇ چۈشىدە كورۇپتۇ،
قوزىجاننى ئاسماندا.
يۇرگىدەكمىش قوزىجان،

يايلاق ئىزدەپ ھەر ياندا.
ئېغىر كۆنلەر چۈشكەندە،
قوزىجاننىڭ بېشىغا.
كەپتۇ بىردىن پەرىشتە،
ھەمدە ئۇنىڭ قېشىغا.
دەۋاتقىدەك پەرىشتە:
"دوستۇڭ ئوغلاق ۋاپاسىز.
ياخشى يەرنى تېپىپ ئۇ،
ئۇخلىماقتا قارارسىز.
ئىزدىمىدى ئۇ سېنى،
سەنمۇ ئۇنى ئىزدىمە.
دوستلۇغىنى ئۇنۇتقان،
قىپ بېرەلمەس ھېچ نىمە.
ئوغلاق ئاڭلاپ بۇ سوزنى،
جويلۇپتۇ ھەم توۋلاپتۇ.
"خاتا قىلدىم!" دەپ شۇئان،
ئۇن چىقىرىپ يىغلاپتۇ.
ئوز ئۇنىدىن چوچۇپلا،
ئويغانغاندا ئوغلاقجان.
كوز ئالدىدا تۇرغىدەك،
ئاڭا قاراپ قوزىجان.
ئوغلاق ئەمدى راستىنلا،

ئوڭىدىمۇ يىغلاپتۇ.
قوزىجانغا تىز چوكۇپ،
ناماقۇللۇق سوراپتۇ.

❖ ❖ ❖


ھەممە دوستلار ئىلىڭلار،
بۇنىڭدىن ساۋاق-ئىبرەت.
قەدىرلەڭلار دوستلۇقنى،
دوستلۇق ئىسىل ھەم قىممەت.
ئاڭا قىلساق خىيانەت،
بولۇر سوزسىز جىنايەت.
دوستلۇق گۈلى ياشنىسۇن،
دىل بېغىدا تا ئەبەت!





AltunOq

قادىر ئارسلان



# كالا بىلەن ئومۇچۇك

ئوتـكەن ئىدى بىر كالا،
بەكمۇ ماختانچاق.
"قالتىس كۈچلۈك مەخلۇقـمەن"
دەيتتى ئۇ، ئاخماق.
كەلدى يازنىڭ بىر كۈنى،
كولنىڭ بويىغا.
بىر تۈپ سوگەت تۈۋىدە،
كەتتى ئۇيـقىغا.
كەلدى شۇ چاغ گۈڭۈلداپ،
بىر چىۋىن ئۇچۇپ.
كالىۋاينىڭ كوزىگە،
ئالدى ئۇ قونۇپ.
ئەستا!، ـــ دىدى كالىۋاي،
شۇئان ئويغۇنۇپ.
دىدى: "ئولگۈك كەلدىمۇ،

ئۇيقۇمنى بۇزۇپ".
سىلكىدى ئۇ، بېشىنى،
غەزەپكە تولۇپ.
بۇ رودىپاي چىۋىننى،
قوغلىماق بولۇپ.
لېكىن، چىۋىن بېزەڭنىڭ،
پەرۋايى پەلەك.
تۇمشۇغىغا قونۇپ ئۇ،
قاخشاتتى بەكرەك.
تۇردى سەكرەپ ئورنىدىن،
ئاخىر كالدىۋاي.
دېدى: "يوقال كوزۇمدىن،
بارام قىلماي".
قۇيرۇغىنى شىپاڭلاتتى،
ئولتۇرمەك بولۇپ.
قونۇۋالدى مۈڭگۈزگە،
چىۋىن بىر ئۇچۇپ.
دېدى سوگەت ئۇستىدە،
تۇرغان ئومۇچۇك:
"ئوز بويۇڭغا ئىشىنىپ،
دېمە مەن كوچلۇك".
ئومۇچۇكنىڭ بۇ گېپى،

ھاركەلدى ئاڭا.
”ئۇلمەك ئۇستىگە تەپمەك“
بولغاندەك يانا.
ھوكۇرىدى ئالىپ،
غەزەپتە كالا:
”مېنى زاڭلىق قىلماقنى،
كوردۇڭـمۇ راۋا؟!
كىچىككىنە مەخلۇقسەن،
بىڭـسىڭ بارمىتى؟
شۇ چىۋىننى تۇتـقىدەك،
ئېپىڭ بارمىتى؟“
شۇ چاغ كۇلۇپ ئومۇچۇك،
سوز ئاچـتى يانا:
”سېنى زاڭلىق قىلمىدىم،
بولمىغىن خاپا.
كۇچلۇك بىلىپ ئوزەڭنى،
ھەممە ھايۋاندىن.
ياراتمىدىڭ ھېچكىمنى،
نەچچە زاماندىن.
مانا ئەمدى چىۋىنگە،
كۇچۇڭ يەتمىدى.
دوق قىلساڭمۇ ھەرقاچان،

يىراق كەتمىدى.
بويۇم كىچىك بولسىمۇ،
مەندە بار ئامال.
يېتىپ سوگەت تۈۋىدە،
ئويدان نەزەر سال".
ياتتى كالا ئورنىدا!،
چۈشۈپ پەس كويغا.
ئومۇچۇككە قارىدى،
چومۇپ ئۇ ئويغا.
كىچىككىنە ئومۇچۇك،
ئىشنى باشلىدى.
شاختىن-شاخقا تور تارتىپ،
تۈزاق راسلىدى.
ئۇچتى ئۇ يان-بۇ يانغا
چىۋىن بىزارى.
ئومۇچۇكنىڭ تورىغا،
تەگدى ئاخىرى.
چىۋىن تورغا تەگدىيۇ،
قالدى ئۇچالماي.
قانىتىنى ئۇرسىمۇ،
زادى قاچالماي...
ئومۇچۇكنىڭ ئىشىدىن،


AltunOq

ئالدى كالا دەرس.
خىجىلچىلىق دەستىدىن،
بولدى ئاڭا تەس.
دىدى كالا باش چايقاپ:
”ئەخمەق ئىكەنمەن.
شۇڭا مەن بۇ دۇنيادا،
قالتىس دىگەن مەن.
ساقلاي ئەستە بۇ ئىشنى،
ھەرگىز ئۇنتۇماي.
تەمەننادىن ۋاز كىچىپ،
بىر كەمتەر بولاي“.

## ھەر ئىشنىڭ ئوز يولى بار

توغدى تاغىل مۇشۇكخان،
يۇمشاق تۇكلۇك ئاسلاننى.
ئەتىۋارلاپ باقتى ئۇ،
بىرىپ ئاڭا تاپقاننى.
ئويۇن بىلەن ئاسلاننىڭ
غەمسىز ئوتتى كۇنلىرى.

ئانىسىغا باش قويۇپ،
ئۇخلار ئىدى تۈنلىرى.
دىدى مۇشۇك بىر كۈنى:
"ئوماق بالام قۇلاق سال.
ئەمدى سەنمۇ چوڭ بولىدۇڭ،
يەم ئىزلەشىنى ئۆگەۋال.
ئۆگەن چاشقان تۇتۇشنى،
قوسۇغۇڭمۇ تويىدۇ.
كارغا كەلىدى بالام دەپ،
ئاناڭ خوشال بولىدۇ."
ئانىسىنىڭ سوزىگە
ماقۇل بولدى ئاسلانجان.
ئويلىدى ئۇ ئىچىدە:
"چاشقان تۇتىماق بەك ئاسان.
ئون چاشقاننى بىر قىلسا،
تەڭ بولالماس بويۇمغا.
كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇممەن،
چاشقان چۈشەر قولۇمغا".
شۇئان ئىزلەپ بۇلۇڭىدىن،
بىر توشۇكىنى تاپتى ئۇ.
تۇمشۇق تىرەپ توشۇككە،
كوز چەكچەيتىپ ياتتى ئۇ.
كۇتە-كۇتە بىر هازا،

قالدى ئاسلان زېرىكىپ.
"چاشقان يوقكەن بۇ يەردە"
دېدى راسا تېرىكىپ.
دېدى شۇ چاغ ئانىسى:
"بالام، پەمىڭ يوق ئىكەن.
دېۋەيلىسەڭ توشۇكتە،
چىقار چاشقان نەدىكەن؟
ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى بار،
بىلگىن ئۇنى يەتكۇدەك.
كۆچلا بولسا بولمايدۇ،
يەنە تاقەت، پەم كېرەك.
تۇتماق ئۇچۇن چاشقاننى،
چىداملىق بول ھارمىغىن.
يىراق تۇرۇپ توشۇكـتىن،
سەگەك بولۇپ مارىغىن".
ئانىسىنىڭ سوزلـىرى،
زەپمۇ ياقتى ئاسلانغا.
دېدى: "قىلىپ چوڭچىلىق
قالماي ئەمدى پۇشمانغا".
سەۋرى، پەمنى ئۆگەندى،
ھارماي توشۇك مارىدى.
چاشقان تۇتۇپ ئاسلانجان،
ئانىسىغا ياردى.

دابەر قېيۇم

#  چۈمۈلىنىڭ يول سېلىشى

بىر چۈمۈلە ئۆز قەۋمىنىڭ غېمىدە،
تۇرۇپ قالدى، كېلىپ تامنىڭ تۈۋىدە.

بايقىدى بولغاي بارار مەنزىلىنى،
تىكتى تامنىڭ ھەر يېقىغا كۆزىنى.

يول سېلىشقا تاللىدى ئەپلىك ئورۇن،
ئۇ ئەمەس ئەردى ئەزەلدىنلا ھورۇن.

غەيرەت بىلەن ئىلگىرىلىدى نىشانغا،
قالدى ئۇچراپ يولدا چوڭقۇر-ئويمانغا.

يونۇلۇشنى بۇرىغىچە بىردىنلا،
يىقىلدى-دە بېشى قېيىپ پىرىردا.


AltunOq

تا ئەزەلدىن بولمىغان ھېچ ئىش ئاسان،
بۇ ھەقىقەت تېخمۇ بولىدى ئايان.

ھەرنە ئىشتا چەكمىسە جەۋرۇ-جاپا،
"كېلىدۇ راھەت " دېيىش ئۇندىن، خاتا.

ئىلگىگە ئالدى شۇ ئوي چۇمۇلىنى،
ئاقلىماق بوپ زاتىنىڭ ئۇمىدىنى.

قايتىدىن غەيرەتلىنىپ يول ئالدى ئۇ،
تام يۈزىگە ئەجرىدىن ئىز سالدى ئۇ.

بۇ قېتىم تامنىڭ بېلىدىن ھالقىدى،
يېرىم يولغا كەلگىنىنى بايقىدى.

بىراق شۇندا بىر پالاكەت يۈز بېرىپ،
چۈشتى يەنە تامدىن پەسكە سېرىلىپ.

بار ئىكەن بۇ تامدا ئەسلى ئەسكى تور،
ئالغا باسقاندىن داۋام ئىزلەپ قۇسۇر.

تورىۋالدى چۇمۇلىنىڭ يولىنى،
بوغماق بولۇپ ئۇنىڭ پۇت ۋە قولىنى.

چۈمۈلە بوش كەلـمىدى رەقىبىگە،
يېتىپ دەرھال ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىگە.

كورگەن چاغدا ئۇزىنى تام ئۈستىدە،
جۈلالىدى خوشال كۈلـكە چېھرىدە.

قارىغانتى پەسكە ئۇ ھەۋەس بىلەن،
چوڭ قوشۇن كەلدى ئەنە بەس ـ بەس بىلەن.

ھاردۇغى چىقـتى ئۇنىڭ، بۇ ئەجرىدىن،
كۈتكىنىمۇ شۇ ئىدى ئۇز نەسلىدىن.

ئۇ يەنە قىلدى داۋام ئۇز يولىنى،
چىڭ تۇتۇپ ئەۋلاتـلىرىنىڭ قولىنى.





## ئوكۈز بىلەن ئېشەك

قوشتىن چىقىپ كەچتە ئوكۈزجان،
ئېغىر تىنىپ ياتتى پۇشۇلداپ.
كەلدى شۇئان ھاكاۋۇر ئېشەك،
زاڭلىق قىلىپ ئويناپ-سوكۇلداپ.

دىدى ھەمدە: ئەھۋالىڭ خاراپ،
نىچۈن دوستۇم بۇ ھالغا قالدىڭ؟
راستىن ئېيتسام مىجەزىڭ يۇۋاش،
پەمسىز بولغاچ ھاردىڭ ۋە تالدىڭ.

مېنىڭچىلىك بىگسىڭ بولسىدى،
ئارام-خۇدا ئوتەتتىڭ تېنچ.
يەڭگىل ئىشقا بولاتتىڭ داخىل،
ئىسسىق-سوغۇق كورمەس ئىدىڭ ھىچ...

ئەجەپلىنىپ بۇ سوزگە ئوكۇز،
دىدى ئاڭا: مىنىڭ كەسپىم شۇ.
قىشى ياتتىم ئارام ئىيپ خىلى،
تەييار تاپلىق بىر خىيانەتقۇ.

قەھ–قەھ ئۇرۇپ ھاڭىردى ئىشەك،
كويۇنگەننى بىلمەيسەن ئاداش.
ئىپىلمايدۇ ئىزدىسە ھەرگىز،
بۇ جاھاندا سەنچىلىك يۇۋاش.

گەر خالىساڭ سوزۇمنى ئاڭلا،
تىگىسپ قالار بەلىكى پايدىسى.
تەدبىرلىك بول، چارە ئويلىغىن،
چارچىمىغىن دوستۇم ياخشىسى.

ئويلاپ ئوكۇز قىلدى ئىلتىجا،
چارەڭنى ئىيت، قىنى مەن ئاڭلاي.
بولسا ئەگەر پايدىسى ئۇنىڭ،
شۇ چاغ سىنىڭ ئەقلىڭنى داڭلاي.

مەغرۇرلۇقتىن كىرىلىپ ئىشەك،
بەردى ئاڭا شۇنداق مەسلىھەت:



AltunOq

كېسەل ئوخشاش ياتمسەن تېنچ،
سۇ ئىچمەيسەن، يېمەيسەن ھەلەپ.

سېنى ئاغرىق كورۇپ، ئىشقمۇ—
ئېلىپ بارماس قوشچى ھىچقاچان.
ئارام ئېلىپ قىلىسەن ھوزۇر،
بۇ ئېيتقىنىم ئەمەستۇر يالغان.

بامەسلىھەت ئىش قىلدى ئوكۇز،
ھەلەپ، سۇغا سالمىدى كوزىن.
گويا ئېغىر كېسەل بولغاندەك،
يەرگە قاتتىق تاشلىدى ئوزىن.

تاڭ سەھەردە كەلدى قوشچىمۇ،
كوردى ئۇنى شۇ ھالدا "خاراپ".
بېشى قاتتى، ئەنسىرىدى ھەم،
ئوكۇزجانغا تەلمۇرۇپ قاراپ.

ئاخشام قويغان پېتىچە تېخى
تۇرار ئىدى سۇ، سامان، ھەلەپ.
ئىش ئالدىراش،
قوشچى شۇ ھامان،
ئېشەكڭاينى ئېپ ماڭدى ھەيدەپ.

بىر كۈن قوشقا قېتىلغان ئېشەك،
كەلدى كەچتە ھالى بەك يامان.
ئوكۇزۋايىغا بەرگەچ مەسلىھەت،
كوڭلىدە ئۇ قىلىپ پۇشايىمان.

چاندۇرمىدى قوشقا قاتقاننى،
(باشقىچە ئۇ ھىلە ئويىلىدى).
دىدى شۇنداق: قەدىردان دوستۇم،
تۇر ئورنۇڭدىن، ئەمدى بولمىدى.

سېنى ئاغرىق كورگەچ ئىگەمىز،
مىنىپ مېنى باردى بىر ياقىقا.
گوش دۇكىنى ئالدىدا توختاپ،
ساتتى سېنى بۇگۈن قاسساپقا.

ئەرتە سەھەر كېلىدۇ قاسساپ،
شۇ كۈن كەچتە سويىدۇ سېنى.
ئەي قەدىناس كېتەمسەن شۇنداق،
ھەسرەت بىلەن قالدۇرۇپ مېنى؟...

بۇ سوزلەرگە ئىشەندى ئوكۇز،
چارە سوراپ يېلىندى ئاغا.

ئېشەك ئېيتتى: بۈگۈن يەملەرنى،
كۈندىكىدىن ئارتۇقراق يالما.


مورىگىن ھەم سەكرىگىن-تاقلا،
ساقلىغىڭغا ئىگەم ئىشەنسۇن.
بەلكى يانار قىلغان سودىدىن،
ئەقلىڭ دەرھال بۇنى چۈشەنسۇن.

بۇمۇ ياقتى ئوكۈز كوڭلىگە،
ئوقۇردا ھېچ قالمىدى ئوت-چۆپ.
مورىدى ئۇ بىركېچە شۇنداق،
سەكرەپ-تاقلاپ، تاملارغا ئۇسۇپ.

ئوكۈز يەنە قوشۇلدى قوشقا،
ئېشەكمۇ ھەم بىكار قالمىدى.
ھىلىگەرلىك سودىلىرىدىن،
ئويلاڭلارچۇ پايدا بارمىدى؟

ھارام تاماق سىڭمەيدۇ ئەسلا،
ساختىپەزلىك ئاقسىمۇ مەھەل.
ئاڭلىغانغا نەسىھەت بولۇپ،
پۈتتى شۇنداق ئاددى بۇ مەسەل.

ئۆمەر رەجەپ



## تال ۋە تېرەك

نەۋ باھارنىڭ سەھەرى چىقماقتىكەن شوخ شامال،
ئىختىيارسىز ئىغاڭلاپ تۇرار تېرەك بىمالال.
ئۇ بويىنىنى سوزۇپتۇ، تالغا قاراپ كۈلۈپتۇ،
ھەم بەستىنى تۈزۈپتۇ، گاللىرىنى قىرىپتۇ؛
ئۇ مەنسىتمەي تالجاننى دەپتۇ: — تۇرغىن ئۇيقىدىن.
(ئايانىچلىق ھالىتى زاھىر ئىكەن تۇرقىدىن)
— سەن تۇرىسەن ئېگىلىپ، چالغا ئوخشاش مۈكچىيىپ،
مېنىڭ قاۋۇل بەستىمنى كورەلمەيسەن كوز ئېچىپ.
مەن تۇرىمەن بەھوزۇر كوك ئاسمانغا تاقىشىپ،
ئالالمايسەن ھېچ پايدا مەن بىلەن گەپ تالىشىپ.
تالمۇ دەپتۇ: — تېرەكجان چوڭ سوزلىمە ئالدىمدا،
سەن بېسىلىپ ياتىسەن مېنىڭ دائىم ئاستىمدا.
مەن بىلىمەن راستىن سەن قارىماققا چىرايلىق،
شۇڭا مېنىڭ ئاستىمغا قويۇشقىمۇ قولايلىق.

تېرەك دەپتۇ (چالۋاقاپ) :ــ سەن جويلىمە ۋالاقلاپ، ــ
قۇتۇلۇشنى ئويلاپتۇ ئۇ ئوزىنى بىر ئاقلاپ.
ــ بەرپا قىلدى كىشىلەر سانسىز كوجۇم تېرەكلىك،
بولغاچقا مەن ئەتىۋار قۇرۇلۇشقا كېرەكلىك.
زور بولسىمۇ ئىمارەت مەنسىز پۇتمەس ھېچقاچان،
ئەمدىغۇ تەن بەرگەنسەن سۆرەلمىدىڭ سەن زۇۋان.
تال ئېيتىپتۇ مۇنداق دەپ:ــ سەن كەتىمگىن كورەڭلەپ،
بەرگەن نەپىڭ چوڭ ئەمەس، بەرمەكتىمەن مەنمۇ نەپ.
ئەلنى ئويلاپ ھەر زامان يۇماليمەن كوزۇمنى،
مەن تۇتىمەن ئىنسانغا ساپاق-ساپاق ئۇزۇمنى.
مىۋەم تەمى بەك تاتلىق تىل يارىمەن يېگەندە،
غادايمايمەن ئەبەتكە "ئۇزۇم-شېكەر" دىگەندە.
دەل شۇ چاغدا بىر دىخان كېپ دەرەخنى كېسىپتۇ،
ئېلىپ كېلىپ ھويلىغا تال ئاستىغا بېسىپتۇ.
تەن بېرىپتۇ تېرەكجان ھەم ئىزاغا ئولۇپتۇ،
خوشاللىقتا تال شۇئان ۋىلىق-ۋىلىق كۇلۇپتۇ.

## قاش-كىرپىكنىڭ سوھبىتى

بىر ئاخشىمى قاش-كىرپىك دەتالاشقا چۈشۈپتۇ،
ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازغا چىراي شۇئان توشۇپتۇ.

قاش ئېيتىپتۇ: — مەن دىمەك كوزنىڭ زىننەت ـ تاجىسى،
مەن بولمىسام بۇ كوزنىڭ ئىززەتلەنمەس قارىسى.
كىرپىك دەپتۇ: — قاش ئاداش سەنمۇ يوغان سوزلىمە،
قۇلاق سالغىن مەن ئېيتاي سوزۇم ئىككى كەلىمە.
سەن تۇرسەن راستىنلا كوزگە بولۇپ گۇلتاجى،
ئەمما مەنمۇ قوغدايمەن بولۇپ ئۇنى مەرت جەڭچى.
قاش ئېيتىپتۇ: — سەن قېنى مەنسىز سەپسال شۇ كوزگە،
ئوخشايدۇ مەن بولمىسام سايىدىكى قۇرۇق كولگە.
بولۇپ ئۇنىڭ زىننىتى تۇرمامدىمەن بۇ يەردە،
ئېلىۋەتسۇن، تۇرمايمەن، خالىمىسا ئەگەردە.
كىرپىك دەپتۇ: — زىننەتنىڭ قىممىتىنى بىلمەن،
بىراق ساڭا شۇ سەۋەپ ئازراق تەنبىھ قىلىمەن.
سەن بولمىساڭ كوز دىگەن دەل ـ دەرەخسىز كولىكەن،
دىمەكچىغۇ، بولمىسام چىراي خۇددى چول ئىكەن.
— شۇنداق ـ شۇنداق! ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنىڭ زىننىتى،
مەن بولغاچقا ئاشامدۇ ئاشۇ يۇزنىڭ قىممىتى؟!
— توختا ئاداش بىر دەقىق قۇلاق سالغىن سوزۇمگە،
كوز ئېچىلسا ناۋادا نىمە دەركىن ئۇ بىزگە.
هايال ئوتمەي كوزمۇ هەم ئويغىنىپتۇ ئۇيىقىدىن،
هەيران بوپتۇ ئۇلارنىڭ ئايانىچلىق تۇرقىدىن.
تۇرار ئىكەن قاش دىگەن جىلۋە قىلىپ لىكىلداپ،
ئەمما كىرپىك غىڭ قىلماس چۇشسە يامغۇر چىپىلداپ.

كوز يېتىپتۇ تېگىگە گەپنىڭ ئەمدى ئاخىرى،
دەپتۇ قاشنى ئەۋۋىلەم ”گۆزەللىكىم زاھىرى“.
— سەنمۇ، — دەپتۇ كىرپىككە، — مېنىڭ يېقىن كىشىمسەن،
سەن تۇرسەن كۆزەتتە، دىمەك مېنىڭ جېنىمسەن.
ئىككىڭلارنىڭ پىكرىدىنى مەن يەتكۈزەي چىرايىغا،
چىراي ئېيتسۇن، ئايرىسۇن دىسە ھېلى بوۋايغا.

1981 ـ يىل ئاپرېل، قەشقەر.

## مىرەخمەت مىرەغزەم



# لاچىن بىلەن سا

بىر چاغدا قۇشلار ئارا،
چوڭ باھالاش بولغانمىش.
شۇندا لاچىن "باھادىر"
دىگەن نامنى ئالغانمىش.

قوشۇلماپتۇ يالـغۇز سا،
دەپتۇ مەغرۇر ھورۇن سا:
"مەن نىمىشقا بولمايمەن،
بەستىم شۇنچە زور تۇرسا".

قۇشلار يەنە قايتىدىن،
مۇنازىرە باشلاپـتۇ.
ئاخىرىدا شاھ سۇمرۇغ
ئۇز پىكرىنى تاشلاپتۇ:



AltunOq

”كىمنىڭ پىكرى ھەق ـ ناھەق
ئەمىلىيەتتە سىنايلى.
كىم تېز يۈز جان ئوۋلىسا،
باھادىر نام بېرەيلى“.

شۇ گەپ بىلەن ئىككىسى،
تەڭلا ئوۋغا چىقىپتۇ.
لاچىن بىلەن مەغرۇر سا،
ئىككى ياققا كېتىپتۇ.

لاچىن كوكتە ئۇچۇپتۇ،
بۇلۇتلاردىن ھالقىپتۇ.
پەرۋاز قىلىپ ئايلىنىپ،
يۈزدەك غازنى كورۇپتۇ.

قاھ ـ قاھ ئۇرۇپ كۇلۇپتۇ،
ئاڭا غەيرەت كىرىپتۇ.
ھايال ئوتــمەي غازلارنىڭ
ئەدىۋىــنى بېرىپتۇ.

لاچىننىڭ بۇ قەھرىدىن،
قۇتۇلماپــتۇ بىر جانمۇ.

شۇنچە جەڭدە باتۇرنىڭ
پۈكۈلمەپتۇ قەددىمۇ.

تىك ئاسماننىڭ قەرىدە،
تەنتەنە قىپ غەلىبىگە.
يېنىپ كەپتۇ لاچىن تېز،
بەسلەشكەن شۇ پەللىگە.

شۇنچە ئۇزاق كۈتۈپتۇ،
يېرىم كۈنمۇ ئۆتۈپتۇ.
كەلمىگەچكە پوچى سا،
لاچىن ئىزدەپ مېڭىپتۇ.

ئىزدە-ئىزدە تېپىپتۇ،
ئەخمەق سانى تەسلىكتە.
تۇرغىدەك ئۇ لەپەڭلەپ،
سازلىق توپى پەسلىكتە.

"ھالىڭ قانداق بۇرادەر،
ئامان-ئىسەن تۇردۇڭمۇ؟"
دەپتۇ لاچىن كويۇنۇپ:
"يۈزچە جاننى ئالدىڭمۇ؟"

”ئەنە، ئەنە كوردۇكمۇ،
مىدىرلىدى، تۈيدۇكمۇ؟—
دەپتۇ ئاكا لەقۋا سا،—
ئامەت كەلدى، قويدۇمغۇ!“

”هە، هە، كوردۇم! شۇمىدى!؟
يالغۇز پاقا تۇرىدۇ.
بولغىن تېزراق قايتايلى،
قۇشلار بىزنى كۇتىدۇ“.

”ئالدىرىما لاچىن سەن،
ئېلىۋالسام شۇ بىرنى.
قالار پەقەت كېيىنكە،
يەنە توقسان توققۇزى“.

”پاقا ئالالماس سا“ دىگەن،
ئەنە شۇندىن قاپتىكەن.
لاچىن بولۇپ باهادىر،
هەقىقى نام ئاپتىكەن.

## كامىل رەھىم



# قۇشقاچنىڭ شىكارى

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەن ھەم توق ئىكەن.
ئۇزاق ئۆتمۈش زاماندا،
بىر ئاق قۇشقاچ تاغلاردا؛
ياشايدىكەن كېرىلىپ،
پوچىلىققا بېرىلىپ.
دەيدىكەن ئۇ ئۆزىنى،
(يۇمۇۋېلىپ كۆزىنى)
— "پەلىۋان بىر، نوچىمەن
تاغنى تالقان قىلىمەن.
بۇندا تۆتنىڭ بىرىسىمەن،
ئالەم شاھى بولىمەن."
ئۇ ماختىنىپ يۈرەركەن،
شىرنى چۈشلەر كۆرەركەن.


AltunOq

بىر كۆنلۈگى يايلاقتا،
تىزەك چوقۇپ ئاچلىقتا.
يۈرسە قۇشقاچ جان بېقىپ،
يەم كويىدا زارىقىپ؛
كوك ئاسماننىڭ قەھرىدە،
ئاشۇ تاغنىڭ ئۈستىدە.
پەيدا بوپتۇ بىر بۈركۈت،
(ئىزدەپ ئوزۇق يۈرتمۇ-يۈرت)
ئايلىنىپ ئۇ ئاسماننى،
كوزنىپتۇ ھەر ياننى،
كورۇپ قېلىپ ئوتلاقتا،
كوپ توشقاننى بىر ياقتا.
شىكار قىپتۇ تېز شۇئان،
ئولجا ئاپتۇ بىر توشقان.
بۇنى كورۇپ ئاق قۇشقاچ،
(ھەسەت بىلەن چېچىلغاچ،)
تېپىپ يەرنى تىپىرلاپ،
قۇمدەك سوزلەپ ۋىچىرلاپ؛
قايناپتۇ ئوز ئوزىگە،
نالە ئوقۇپ كۈنىگە.
— "شۇ جېنىغا شىكار قىپ،
غىزايىغا گوش تېپىپ.

ياشىسا شات ھورلۇكته،
پەرۋاز قىلىپ پەلەكته.
مەن ئۆزەم بىر "شاھ" تۇرۇپ،
كۆچ-مادارىم بار تۇرۇپ.
يۈرەمدىمەن قايغۇرۇپ،
تېزەك-ماياق ئاختۇرۇپ؟
چىقاي مەنمۇ شىكارغا،
توشقان ئەمەس چوڭ قويغا.
بار مېنىڭمۇ قانىتىم،
ھەمدە ئۆتكۈر تىرنىغىم،
تونۇتاي مەن ئۆزەمنى،
كورسىتىپ بىر كۈچۈمنى." —
گەپنى شۇنداق ئۈزۈپتۇ،
كوك قەھرىگە ئۇچۇپتۇ.
قارىماستىن بەستىگە،
چوڭ بىر قوينىڭ ئۈستىگە:
ئوقتەك ئوزىنى ئېتىپتۇ،
شولگەيلىرى ئېقىپتۇ.
بىراق ئاقماي خىيالى،
چاتاق بوپتۇ ئەھۋالى.
تىرناقلىرى ئىلىنىپ،
(قوي يۇڭىغا چىگىلىپ)


ئاجرىتالماي ئۇزىنى،
پاقىرىتىپ كوزىنى.
ئۇ يان ـ بۇ يان پالاقشىپ،
ئۇچەيلىرى شالاقشىپ.
ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ،
تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ.
تاش ئۇستىدە پادىچى،
قولىدا زەي قامچىسى.
ياتقان ئىكەن قىيسىيىپ
ئول شىكارغا قىزىقىپ،
كورۇپ قۇشقاچ ھالىنى،
ئاڭلاپ پەريات، نالىنى.
ئىچ ئاغرىتىپ قۇشقاچقا،
(ئۇمۇ جانىۋار بولغاچقا)
ئاپتۇ يۇگىدىن بوشۇتۇپ،
دەپتۇ مۇنداق ئوخشۇتۇپ:
ــ "قاپقا بېقىپ ئۇننى تارت،
شاخقا بېقىپ قول ئۇزات.
كۇچكە بېقىپ غەيرەت قىل،
زىغىرچىلىك تاپ ئەقىل.
شىكار ساڭا خاس ئەمەس،
ئوز ئىشىڭغا ماس ئەمەس" ــ

قۇشقاچ ئاڭلاپ بۇ سوزنى،
ياشلاپ ئاپتۇ كوزىنى.

❖

ساۋاق ئېلىپ بۇ ئىشتىن،
دورامچىلىق قىلمىشتىن،
كەمتەرلىكنى دوست تۇتۇپ،
تۇرايلى بىز شان قۇچۇپ.

1981 ـ يىل يانۋار، قەشقەر.



**ياسىن ئىسمايىل**



# ماختانچاق موزاي

بولغان ئىكەن بۇرۇن بىر موزاي،
بەك تەكەببۇر ھەمدە ماختانچاق.
كالىلارنى ئىلماي كوزىگە،
سوزلەيدىكەن ھەممىشە مۇنداق:

"مەن ھەممىدىن باتۇر، ھىچقايسىلىڭ —
كېلەلمەيسەن ماڭا زادى تەڭ.
تېزلىكمگە يېتەلمەس بورى،
بولۇپ قالسا ئەگەرچەندە جەڭ.

قامىتىمۇ ئىگىز ھەممىدىن،
بىلىپ قويۇش مىنىڭ زاتىم ئات.
نۇقسان يېتەر باتۇرلۇغىمغا
سەنلەر بىلەن كەچۈرسەم ھايات."

نەسلىدىنمۇ تېنىپ ئاخىرى،
كىرىۋاپتۇ ئاتلار سېپىگە.
ئۆزى ئۇچۇن سېزىپتۇ شاتلىق،
ئاتلار بىلەن ياشاشنى بىرگە.

نەچچە كالا نەسھەت قىلىپ،
دەپتۇ: ”ھەرگىز نەسلىڭدىن تانما.
ئات دىگەن ئات، كالا ـ كالىدۇر،
نەدە بولسۇن ئات بولغان كالا؟“

نەسھەتنى تىڭشاپمۇ قويماي،
موزاي خاتا يولغا مېڭىپتۇ.
ئاتلار بىلەن ياشاش ئادىتى،
قانلىرىغا سىڭىپ كېتىپتۇ.

ئوتلاۋېتىپ ماختانچاق موزاي،
ئاتلار بىلەن، قىشنىك بىر كۈنى،
كورۇپ قاپتۇ ئۆزىگە قاراپ،
كېلىۋاتقان ياۋۇز بورىنى.

ۋەھىمىگە چۈشكەن موزايجان،
جار سېلىپتۇ مورەپ ـ ۋاقىراپ.

ئاتلار ھەر يان قىچىپتۇ ئۇركۇپ،
موزاينىڭكى ئۇننى ئاڭلاپ.

موزاي قانچە يۈگۈرسىمۇ تېز،
يېتىشەلمەي قاپتۇ ئاتلارغا.
شۇنىڭ بىلەن بورىۋاي ئۇنى
سولىۋاپتۇ تار بىر جىلغىغا.


موزاينىڭكى ئۇننى ئاڭلاپ،
بىر توپ كالا كېلىپتۇ يېتىپ.
ئۇسۇپ، تېپىپ ھۇجۇم باشلاپتۇ،
شۇم بورىگە ئۇزىنى ئېتىپ.

قۇتقۇزۇپتۇ بورى ئاغزىدىن،
ئۇلار ئوگى ئوچكەن موزاينى.
تىتىپ تاشلاپ بورىۋاي ئاتلىق،
قان ئىچكۇچى زالىم بەتخۇينى.

كالىلارنىڭ توپى ئالدىدا،
نومۇس-ئارغا قالغان موزايجان؛
خىجىللىقتىن سىلىپ بېشىنى،
قىلمىشىغا قىپتۇ پۇشايمان.

شۇندىن كېيىن ماختانچاق موزاي
ماختىنىشنى چورۇپ تاشلاپتۇ.
ئوز ئەجدادى كالىلار بىلەن،
ئىناق بولۇپ، بىللە ياشاپتۇ.

1981 ـ يىل 21 ـ نويابىر.




AltunOq

ناسىرجان مۇھەممەدى



## ئۈجمە بىلەن تېرەك

بىر تۈپ ئۈجمە ھەمىدە بىر تېىرەك،
بىر ھويلىدا بار ئىكەن بۇرۇن؛
ئۈجمە ھويلا ئوتتۇرىسىدىنراق،
تېرەك چەتتىن ئالغانىكەن ئورۇن.

غادىيىپلا تۇراركەن تېرەك
ئۈجمەجاننى ئىلماي كوزىگە؛
بىر كۈنىسى گەپتىن گەپ چىقىپ،
سوز قىلىپتۇ تېرەك ئۈجمىگە:

ئېگىلىپلا تۇرىسەن دوستۇم،
ئەجەپمۇ پەس سېنىڭكى بويۇڭ؛
ياكى سېنىڭ كىشىلەر ئۈچۈن،
قىلچىلىكمۇ بولمايدۇ رولۇڭ.

شاخلىرىڭنى سۇندۇرار سېنىڭ،
خەقلەر كېلىپ ئەتىياز پەسلى.
ئوچاقلاردا تۇگەيسەن كويۇپ،
قالماس سېنىڭ شاخلىرىڭ نەسلى.

مېنىڭ بويۇم تاقاشقان كوككە،
ئېگىلمەيدۇ بويۇم ھېچقاچان؛
ھەممە كىشى ماختايدۇ مېنى،
سېنىڭ ھالىڭ بولسا بەك يامان".

ئۈجمە دەيتۇ: "تولا سوزلىمە،
ساڭا ئوخشاش غادىيىش نومۇس.
ئەلگە سۇنماي نىمەت جامىنى،
خىسلىتىدىن ماختىنىش نومۇس.

باھار كەلسە ئوزەڭ بىلىسەن،
ھوزۇرلىنار مېۋەمدىن ئىنسان.
تامچىپ قالۇر تىلىنى شۇندا،
مەيلى ئادەم، مەيلى ئۈچار جان.

شىرىن ـ شەرۋەت مېۋەمنى يىسە،
جىمىكى ئىنسان كېتەر شاتلىنىپ،

غازىڭىمنى ئۇزۇۋقلۇق قىلىپ،
چىقىرىدۇ پىلە يىپەك يىپ.

شاخلىرىمنى قايرىسۇن مەيلى،
مەن ئۇنىڭدىن يىمەيمەن ۋايىم.
ئەلنى رازى قىلسام بولدى،
مەندە پەقەت شۇ ئوي بار دائىم.

مېنىڭ ھەر بىر شېخىمدىن يەنە،
ياسىلىدۇ ھەر خىل چالغۇ-ساز.
كىشى كوڭلى شاتلىنار ئۇندىن،
ياڭرىغاندا يېقىملىق ئاۋاز...."

شۇ ئەسنادا كەپتۇ يىراقتىن،
شو ھويلىغا بىرتوپ كىشىلەر،
قولىرىدا راۋاپ ۋە دۇتتار،
ناخشىسىدا ئۈجمە كۈيلىنەر.

ئولتۇرۇپتۇ ھەممىسى قاتار،
"ئۈجمە" ئاتلىق دەرەخ ئاستىدا؛
تېرەك قاپتۇ چەتتە غادىيىپ،
مات بولغاچقا ئۈجمە ئالدىدا.

يۇرتىمدىن سويىدۇ ھەممە،
كىمدىن يۇقسا ئەلگە نەپ كۆپرەك.
نەپ بەرمەستىن غادايسا كىمگە،
بۇنى خەلق قىلمايدۇ كېرەك.





AltunOq

مۇختەر مەخسۇت

# توت بۇرادەرنىڭ تالاش - تارتىشى

بىر كۈنى كەچتە سورۇن تۈزەشتى،
چېكىت، پەش، سوراق، ئۈندەش بەلگىسى.
كىرىشتى قىزغىن تالاش - تارتىشقا،
ئۆز توھپىسىنى سۆزلەپ ھەممىسى.
بىرىنچى بولۇپ چىقتى سەھنىگە،
ئۈندەشجان راسا ئۆرۈپ مەيدىگە.
دېدى: ”ئاڭلاڭلار ھەي بۇرادەرلەر،
مەنسىز پۈتمەيدۇ ھەرقانداق ئەسەر.
بولغاچ ئەڭ كۈچلۈك مەندە ھېسسىيات،
كىتاپخان ئالار چوڭقۇر تەسىرات.
ئاشۇنداق مۇھىم بولغاچقا رولۇم،
ھەممىڭدىن ئېگىز كەلگەندۇر بويۇم.“
چۈشتى ئوتتۇرىغا چوچۇرە قۇلاق،
تاشلاپ ھەممىگە شۇنداق بىر سوراق:

”ئەسەردە ئەگەر مەنلا بولمىسام،
قىزىق ۋە چىگىش سوئال قويمىسام.
كىتاپخان چوڭقۇر ئويغا پاتامدۇ؟
ھىكمەت مېغىزىنى ئىزدەپ تاپامدۇ؟“
سوراقنىڭ سوزى ياقمىدى پەشكە،
ئوپكىسى ئورلەپ چۇشتى كۇرەشكە:
”ئوزەڭنى ماختاپ ھىچ ئۇيالمايسەن،
توھپەمنى نەگە يوشۇراي دەيسەن؟
ھەر بىر دوخمۇشتا بىكەت قۇرمىسام،
سوز بىلەن سوزنى ئايرىپ تۇرمىسام؛
ئەسەر لەغمەنگە ئوخشاپ كەتمەمدۇ؟
كىتاپخان ئوقۇپ چارچاپ كەتمەمدۇ؟“
سورۇن ئەھلى كوتەردى چۇقان،
چېكىتنىڭ شۇ تاپ پەيلىمۇ يامان.
دىدى: ”سوزلەشتىڭ چېقمىدى ئېتىم،
مەن ياكى ئەمەس مۇساپىر-يېتىم.
بىمەنە سوز قىلىشتىڭ بىكارغا،
مەنسىز ھىچقايسىڭ كەلمەيسەن كارغا.
قوشمىسا مېنى ھەركىم ئەسەرگە،
راۋان بولىدۇ پۇتمەس سەپەرگە.
سەنلەرمۇ بىللە تىنماي ماڭسەن،
نىشانغا يېتەلمەي ئولۇپ قالىسەن.

شۇڭلاشقا چىكىت دەيدۇ ئىتىمنى،
بىلىپ قوي ھەممىڭ مىنىڭ بىگىسىمنى...“
سورۇن بۇزۇلدى ۋاراڭ-چۇرۇڭدا،
قىيداپ يىتىشتى بىردىن بۇلۇڭدا.
گىراماتىكا بوۋاي كەلدى شۇئان،
توت دوستقا نەسىھەت قىلدى بايان:
”چۈنكى ھەممىڭلار تەڭ توككەچكە تەر،
پۈتەر سانسىزلاپ كىتاپ ۋە ئەسەر.
مۇھىمدۇر ھەممىڭلارنىڭ رولى،
تۇتاشسۇن مەھكەم ئۆزئارا دىلى.
يالغۇز كىسەكتىن پۈتمەيدۇ بىنا،
تامچە سۇ بىلەن ئاقمايدۇ دەريا.
سانسىز تامچىلار جەم بولسا پەقەت،
دەريالار ئاندىن ئۇركەشلەر ئەبەت“.
بوۋاي سوزىدىن دىللار يورىدى،
كوڭۇللىرىنى شاتلىق ئورىدى.
دىدى بىردەك: ”بىز تۇتۇپ قولغا-قول،
ئۆملۈك يولىدا ئالايلى ھوسۇل“.

**百灵鸟的歌声(寓言诗)**

(维吾尔文)

编者：穆罕默德·司迪克·铁木尔
阿吉·艾合买提

责任编辑：努尔穆罕默德

民族出版社出版　新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：7 1/4

1983年7月第1版

1983年7月北京第1次印刷

印数：0001—11,000册　定价：0.34元

书号：M10049(4)153

AltunOq

封面设计 江燕红

M10049 (4) 153
0.34元